مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



6
2013

# مەراس

美拉斯

ISSN 1004-3829

# ياش تالانت ــ ئەسقەر تۇردى



ئەسقەر تۇردى، 1982-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەمـ-
لىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈر بالىلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى
كۆرگەزمىلىرىگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئې-
رىشكەن. بالىلارنىڭ ئىچىدە «مېھمان»، «قوچقار سوقۇشتۇرۇش» دېگەن
ئىككى پارچە ئەسىرى 1995-يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ چەت ئەللەرگە
كۆرگەزمە قىلىش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان نيۇيورك شەھىرى ئۆسمۈرلەر
سەنئەت مۇزېيىدا ئېچىلغان ھۆسنخەت، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇ-
رۇلغان. ئۇ 1998-يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت ئوتتۇرا
تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 2001-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملىغان
ۋە شۇ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن شەخسىي كۆرگەزمە ئۆتكۈز-
گەن. 2001-يىلدىن 2005-يىلغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت بويىچە تولۇق كۇرس كەسپىنى تاماھ-
لاپ «باكالاۋۇر»لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى»، «كەسپتە ئالغا بېسىش مۇكاپاتى»غا
ئېرىشكەن. 2008-يىلى كانادا ۋانكوۋېر شەھىرىدە باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسىگە
«سەھەر» ناملىق ئەسىرى قاتناشتۇرۇلغان. 2012-يىلى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سىچۇەن گۈزەل
سەنئەت ئىنستىتۇتىدا بىر يىل جۇڭگوچە رەسىم فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1992-يىلدىن باشلاپ 500 پارچىدىن ئارتۇق
قىستۇرما رەسىم ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۈچ پارچە ئەسىرى جۇڭگو ئۇيغۇر
ئون ئىككى مۇقام VCD, DVD پىلاستىنكىسىنىڭ 7-قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

2008-يىلى «ئەسقەر تۇردىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» ناملىق توپلىمى نەشر قىلىنىپ، كانادا ئۆلكىلىك، شەھەر-
لىك كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان. 2013-يىلى سانكتپېتېربۇرگ 21-نۆۋەتلىك سەنئەت فېستىۋالىغا تەكلىپ بىلەن
قاتناشقان ۋە سانكتپېتېربۇرگ خەلقئارالىق مەدەنىيەت مەركىزىدە شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان. «رۇسىيە تەسراتى»،
«خۇشاللىق كۈن» قاتارلىق ئىككى پارچە رەسىمى سانكتپېتېربۇرگ خەلقئارالىق مەدەنىيەت مەركىزى ۋە سانكتپېتېربورگ 21-نۆ-
ۋەتلىك خەلقئارالىق سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان.

2013-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى رۇسىيە سەنئەت ئاكادېمىيەسى رۇسىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، سانكتپېتېر-
بۇرگ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى تەرىپىدىن ئاكادېمىك ئۇنۋان دىپلومى بېرىلگەن ۋە رۇسىيە دۆلەتلىك ھەر
قايسى ئالىي سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تەكلىپلىك ئالىي پىروفېسسور سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ كەسپىي رەسسامى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچـ-
لەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.





# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال      2013 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 140 ـ سان)

## ئادەت قىرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقى ..............
.................................. مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (1)
كوسىراپىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ... ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (33)

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ھەققىدە ...... خۇرسەنئاي مەمتىمىن (18)
ئەنئەنىۋى ئويۇنلار .................. مۇھەممەدئىمىن سابىر (20)

## مىراسىمىز

ئۇيغۇرلاردا يارغۇنچاقلىق ئەنئەنىسى ......... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (9)
سۇمبۇل چاچتىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر ........... جامالدىن جالالدىن (15)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا ئاق قوناق تېرىقچىلىقى .............. ئابدۇكېرىم تۇردى (27)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۇن ۋە ماي ... مامۇت قۇربان (43)

## ۋەسىقىلەر

قەشقەر تېكىستلىرى ........... تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (48)

## ئەجداد جۇلاسى — ئەۋلاد مىراسى

ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى
توغرىسىدا ............................................ ئىلھام ئەلى (54)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## دۇنيا مىراسى

خاتۇشا (خىتتىم شەھىرى) ............... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (57)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

تۇتى ............ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (61)

## لەقەمسىز ئەر بولماس

ئۆزبېك مىللىتىدە نەسەب ............ رەخىم خوجائەخمەت خوجا (65)

## ئايدىڭ كېچىلەر

تورغىيىمنىڭ جامالى ئايغا ئوخشايدۇ ............ (67)

## مۇندەرىجە

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي
مۇندەرىجىسى ............ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (70)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 138 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۇر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-، 4-بېتىدە: «دولان» ئەسقەر تۇردى سىزغان

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长,总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授,博导
副社长,副总编：
**木合塔尔·买买提**
(编审,法人代表)
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克** (副编审)
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa-tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقى

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

**ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىنىڭ ئەھمىيىتى**

هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقى ئاساسەن دېھقانچىلىق را-
يونلىرىغا زىچ ئورۇنلاشقان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە دېھقانچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئائىلىدە چوڭ-
كىچىك چارۋا بولماي قالمايدۇ. هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقى
مۇكەممەل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. خەلقىمىز
چارۋىلارنى ئائىلىدە بېقىش جەريانىدا سورت يېڭىلايدۇ،
بېقىپ كۆپەيتىدۇ، كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ، تاۋارغا ئايلاندۇ-
رىدۇ. خالىغان ۋاقىتتا سويۇپ يەيدۇ. يۇڭىدىن، تېرىسى-
دىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنى بېيىتىدۇ. ئوغۇتلىرىدىن پايدى-
لىنىپ تېرىقچىلىق مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. هاي-
ۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كۆن ـ خۇرۇم ياساپ، ئۆتۈك، بەتىن-
كە تىكىپ كىيىشكە بولىدۇ. خۇرۇم چاپان، خۇرۇم پەلتۇ
تىككىلى بولىدۇ. تېرىدىن پايدىلىنىپ، تەلپەك، تۇماق قا-
تارلىق باش كىيىملەرنى تىكىپ كىيىدۇ. تېرىدىن سەرراپ-
چىلىق سايمانلىرىنى ياساشقا بولىدۇ. تېرىدىن چالغۇ ئەس-
ۋابلىرى، يەنى داپ، دۇمباق، راۋاب قاتارلىقلارنى تەييار-
لاشقا بولىدۇ، تېرىدىن يەنە يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرىنى يا-
ساشقا بولىدۇ.

هايۋانلارنىڭ يۇڭى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئەڭ
مۇھىم خام ئەشياسى. گىلەم، خۇرجۇن، چەكمەن، كىگىز
قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىد-
نى خام ئەشيا قىلىش ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.
هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ھەقىقە-
تەن ئىنتايىن كەڭ. ئەجدادلىرىمىز تاكى يېقىنقى زامانلار-
غىچە پۈتكۈل دېھقانچىلىقنى پۈتۈنلەي ئائىلە باقمىچىلىقى-
دىكى هايۋانلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەن. ئۇزۇن سەپەرلەرنى هايۋانلارنىڭ كۈچى ئارقى-
لىق داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغان.
هايۋانلارنى مۇھىم قاتناش قورالى قىلغان. توشۇيدىغان،
يۆتكەيدىغان ئېغىر نەرسىلەرنى هايۋانلارنىڭ كۈچىدىن
پايدىلىنىپ توشۇغان، يۆتكىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا،
ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران
باقمىچىلىقىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان، چارۋىچىلىق-
تىن ئايرىلغان تۇرمۇشمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. هويلا ـ
ئاران باقمىچىلىقى مۇكەممەل مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى، ئىن-
سانلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى.

**ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىنىڭ تۈرلىرى**

هويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى
كۆپ، شەكلى ھەر خىل. ئائىلىدە بېقىلغان چارۋىلارنىڭ
بەزىلىرى ئىستېمال قىلىش، بەزىلىرى تاۋارغا ئايلاندۇ-
رۇش، بەزىلىرىدىن ئېستېتىك زوق ئېلىش، بەزىلىرى كۈ-
چىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا ـ
ئاران باقمىچىلىقىنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: قوي باقمى-
چىلىقى، كالا باقمىچىلىقى، ئات ـ ئېشەك باقمىچىلىقى،
ئۆچكە باقمىچىلىقى، توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر باقمى-
چىلىقى، تۆگە باقمىچىلىقى قاتارلىقلار. بۇلار تارىختىن
بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى هويلا ـ ئاران باقمى-
چىلىقى.

**قوي باقمىچىلىقى**

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان
ھەرقانداق ئائىلە چوقۇم هويلا ـ ئارانىنىڭ مۇۋاپىق ئورنىغا

ئېغىل، قوتان سالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن ئېغىل، قوتان سالىدىغان جاينىمۇ بىللە پىلانلايدۇ. قوتاننى ئۆينىڭ ئارقا تەرىپى ياكى يان تەرىپىگە تەييارلايدۇ. ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېغىل، قوتان سالمايدۇ. قوتاننى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان ئورۇننى تاللاپ سالىدۇ. قوتان بىلەن بىرلىكتە يەنە ئوت-چۆپ، سامان، يەم-خەشەك ساقلايدىغان قوشۇمچە ئورۇنمۇ تەييارلايدۇ. ئائىلىدە بېقىلىدىغان قويلار ئاز بولغاندا بىر-ئىككى تۇياق، كۆپ بولغاندا 100 تۇياق ئەتراپىدا بولىدۇ. قويلارنى مەخسۇس بىر ئادەم بېقىشقا مەسئۇل بولمايدۇ، بەلكى ئائىلىدە كىمنىڭ ۋاقتى بولسا، قويلارغا شۇ كىشى ئوت-چۆپ، سۇ بېرىدۇ. قويلار مۇقىم قوتاندا بېقىلىدۇ. قويلارغا ئەتىگەن، چۈش، كەچتە ئوت-چۆپ، يەم-خەشەك بېرىلىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا ئائىلە ئەزالىرى دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ. قوتاندا بېقىلىدىغان قويلار كۆپ بولۇپ كەتسە سويۇپ يەيدۇ ياكى تاۋارغا ئايلاندۇرىدۇ. تارىختا خېلى ئۇزاق مەزگىل چارۋىلار پۇل بىرلىكى بولمىغان ۋاقىتلاردا قوي ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىنغان. قىيىنچىلىق مەزگىلدە گۆشنى ئاشلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قوي تېرىسى سويۇلدى» دېيىلگەن (3-توم، 262-بەت). بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا ھويلا-ئاران باقمىچىلىقنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ قويلارنىڭ سانىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، قۇلاقلىرىغا ئەن سالمايدۇ.

قويلارنىڭ يۇڭىنى ئەتىياز ۋە كۈزدە ئىككى قېتىم قىرقىدۇ. يۇڭلىرىدىن ئاساسەن كىگىز ئەتتۇرىدۇ ياكى سېتىپ تۇرمۇش خىراجىتىنى قىلىدۇ. ئائىلىدە بېقىلىدىغان قويلار ئاساسەن سورت تاللاپ بىر خىل قوي تۈرىنى ئاساس قىلىپ بېقىلىدۇ. ئورۇق ياكى دەرھال سويۇپ يەيدىغانلىرىنى ئايرىم يەم-خەشەك بىلەن باقىدۇ. ئۇيغۇرلار قوينى بەك ياخشى كۆرىدۇ، بىكار قالسىلا قوتان ئالدىغا بېرىپ قويلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ، قاراپ زوقلىنىدۇ. بولۇپمۇ قۇربانلىق قىلىدىغان قوينى ئەڭ پاكىز يەم-خەشەكتە باقىدۇ. ئادەتتە ئائىلىدە قوي بېقىش ئىمكانىيىتى يوق ئائىلىلەرمۇ قۇربان ھېيتتا چوقۇم قوي سويىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ بەزى چوڭ جەمەتلىك ئائىلىلەر ئائىلە ئەزالىرى جەم بولغان پۇرسەتتە قوي ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ، قوشنىلار بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ قويلىرىنى كۆرۈشىدۇ. قوينى ئائىلىدە باققاندا ئۇنىڭ سورتىنى يېڭىلاپ تۇرغىلى، قويلارنىڭ ساغلاملىقى، گۆشنىڭ پاكىزلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا قوي بېقىش ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، كۆپ سانلىق ئائىلىدە قوي بېقىلىدۇ.

## ئات باقمىچىلىقى

ئات ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئات قەھرىمانلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ، بايلىقنىڭ سىمۋولى، ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى ناھايىتى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى ئوغۇزخان داستانىدىمۇ ئات مەدەنىيىتىگە ئائىت مۇكەممەل بايانلار بار. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ ئاتنىڭ شەكلى، ئاتنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئات ھەققىدىكى قوشاق، ئاتنىڭ بەلگىلىرى، ئات جابدۇقلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن، يەنى «ئات گۆشى ئىپاردەك خۇش پۇراق، پىشۇرۇپ سوۋۇتۇلغاندا ئىپاردەك خۇش پۇراق كېلىدۇ» (3-توم، 7-بەت). «قوڭۇر قىزىل بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل رەڭ بار، ئۇ بېغىررەڭ دېيىلىدۇ. قوڭۇر ئات قارا تورۇق ئات مۇشۇ رەڭگە كىرىدۇ» (3-توم، 11-بەت). «يايىل — ئاتنىڭ يايلىسى» (3-توم 15-بەت). «ئېگەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا قاشلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئالدىنقى قاش، كەينى قاش دېيىلىدۇ» (3-توم، 16-بەت). «ئات باغلاقتىن يېشىلىپ كەتتى» (3-توم، 19-بەت). «ئۇ ئاتنى ياۋداق مىندى» (3-توم، 64-بەت). «بوز ئات ئاق بىلەن قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى رەڭنى كۆرسىتىدۇ» (3-توم، 169-بەت). «ئات قاشقىسى كۆزگىچە بارغان، قولاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغا سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات» (3-توم، 173-بەت). «داغ» ئاتلارنىڭ يېنىغا بېسىلىدىغان تامغا (3-توم، 209-بەت). «سۆزۈمنى ئاقىللارغا يەتكۈزگىن، ئەگەر بايتالنىڭ تېپى چوڭ بولۇپ ئات قاتارىغا كىرسە بايتال ئارام ئېلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاتنىڭ ئورنىغا مىنىلىدۇ» (3-توم، 216-بەت). «شىر مېنى قويۇپ بەرگىن، مەردلىك مېنىڭ لەقىمىم بولسۇن، مېنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكىن، ماڭا بىر ئات ياردەم قىل» (3-توم، 237-بەت). «يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى.

2013





قارلىق تاغلارنى توزان قاپلىدى. شۇڭا ئالپ ئايا قاچتى،
ئۇ يېڭەلگەچكە ئۇيۇلۇپ يوشۇرۇندى» (3-توم، 290-
بەت).

«دىۋان»دا ئات ھەققىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئە-
زاھاتلار ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرلار بۇرۇن ئاتنى جەڭ
قورالى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ ئىشلەتكەن. ئۇزۇن سەپەر-
لەردە ئاتنى قاتناش ۋاستىسى قىلغان. بۇنىڭدىن 1300
يىل بۇرۇنقى تارىخقا تەۋە چىرا دامكۇ قەدىمي بۇددا
ئىبادەتخانىسىدىكى تام سۈرەتلىرىدە قارا چىپار، بوز
ئاتلارغا مىنگەن ساخاۋەتچىلەرنىڭ سۈرىتى بار. بۇلارمۇ
بىزدىكى ئات مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقى-
نىڭ ئىسپاتى. ئات تېز چاپىدىغان، ئاسان ھېرىپ قالماي-
دىغان ھايۋان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئات بېقىشنى ياخشى
كۆرىدۇ، ئاتنى كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ. ئات ئاساسەن
بېدە، سامان قاتارلىق ئوت-چۆپلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ،
سامانغا قوناق، ئارپا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار
ئات گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئا-
سانلىقچە سويۇپ يېمەيدۇ. پەقەت قېرىپ ھالدىن كەت-
كەندە ياكى كۈچىدىن پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولماي قال-
غاندا ئاندىن سويۇپ يەيدۇ. ئات ئىككى يىلدا بىر قېتىم
قۇلانلايدۇ. 30 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇيغۇر-
لار ئارىسىدا ئات توغرىسىدا ماقال-تەمسىل، رىۋايەت،
ناخشا-قوشاق، ئات تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر
ناھايىتى كۆپ. «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار»،
«ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ»، «ئارپا تاپساڭ ئاتقا
بەر»، «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» قاتارلىق
ماقال-تەمسىللەر، ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە
قىسسە» ناملىق ھەجۋىي شېئىرى پۈتكۈل تۈركىي
تىللىق مىللەتلىرىگە كەڭ تارقالغان. «ئاق بوز ئاتىم»
ناملىق خەلق ناخشىسى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ تىپىك مىسا-
لى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە قەھرىمانلارنىڭ شۆھ-
رىتى دائىم ئاق ئات بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. باتۇرلار
خەتەرگە يولۇققاندا دائىم بىر ئاق ئات ئۇنىڭ ھاياتىنى
قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن سەپەرلەرنى ئاتنىڭ كۈچى
ئارقىلىق تاماملايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى چۈ-
شەنچىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر. ئات ھەققىدىكى
تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. كۇمراجىۋا كۇسەن-
دىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قاراپ يولغا

چىققاندا يول بويى ئۈزى مىنگەن ئات بىلەن سىردىشىپ ماڭىدۇ. كۈمراجىۋانىڭ نامىغا ئاتاپ سېلىنغان مۇنارمۇ كۈمراجىۋا مىنگەن ئات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىچىدە ئات مەدەنىيىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا بىر ياكى بىر نەچچە ئات بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ، كۆپ باقمايدۇ، ئەمما ناھايىتى ياخشى باقىدۇ. بايلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئېتى بولىدۇ. يېقىن كىشىلىرىگە ئات سوۋغا قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ تۆھپىسىنى تارتۇقلايدۇ، ئاتنىڭ جابدۇقلىرىنىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلايدۇ. ئوغلاق تارتىشىش مەيدانلىرىدا ئاتنىڭ شۆھرىتى ئارقىلىق ئۈزلىرىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىدۇ. ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا باشقا ھايۋانلارنىڭ قوتانلىرىنى بىر يىلدا ئىككى-ئۈچ قېتىم تازىلىسا، ئاتنىڭ ئېغىلىنى نەچچە كۈندە بىر قېتىم تازىلاپ تۇرىدۇ. ئوت-چۆپىنىمۇ ناھايىتى ئىلغاپ بېرىدۇ، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئېتىقادى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئېستېتىك ئېڭى، روھىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھايۋانلارنىڭ بىرى.

### كالا باقمىچىلىقى

ئۇيغۇرلار كالىنى ئائىلىدە مۇقىم قوتاندا باقىدۇ. ئائىلىدە بېقىلىدىغان كالا بىر نەچچىدىن ئاشمايدۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇن ئائىلىدە بېقىلىدىغان كالىنى سېغىپ سۈتىدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلاتتى. تۇياقنى بېقىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالاتتى، يەر ئاغدۇرۇش، خامان تېپىش، ئېغىر-يۈكلەرنى يۆتكەش ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي تۇياقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىناتتى. يەرلەر ئۇزاق مۇددەت شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا، ھەممە ئائىلىدە تۇياق بولمىسا بولمايتتى. ھازىر ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا كالا باقىدىغانلار خاس سۈتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن باقىدۇ. تۇياقلار بورداپ تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. كالا بېقىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. نوپۇسى كۆپرەك ئائىلىلەر قىش كۈنلىرىدە بىرەر تۇياقنى سويۇپ، سوقۇم قىلىپ قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. تۇياقنىڭ بىر ياش ئەتراپىدىكىلىرىنىڭ گۆشى ناھايىتى تاتلىق ھەم قۇۋۋەتلىك بولۇپ ئۇيغۇرلار ياش تۇياق گۆشى يېيىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

كالا بېقىش قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى بېقىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان. كالا ئوت-چۆپ تاللىمايدۇ، بىر كۈندە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئوت-چۆپ بېرىپ قويسا بولىدۇ. ئۇنى مەخسۇس بىر ئادەم بېقىش ھاجەت ئەمەس. كالىنىڭ تېرىسى كۆن - خۇرۇم ياساشنىڭ ئەڭ ياخشى خام ئەشياسى. كالا تېزىكى ئەڭ ياخشى ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. بىر ئائىلىدە بىر نەچچە كالا بولسا ئون نەچچە مو يەرنى ئوغۇتلاشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كالا ھەققىدە تارقالغان ماقال-تەمسىللەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، كالا تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ»، «سامان تاپساڭ كالىغا بەر»، «ئورۇق ئۈينىڭ مۈڭگۈزى چوڭ»، «نامراتنى بالا باسار، باينى كالا» دېگەنگە ئوخشاش ماقال-تەمسىللەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى. كالا باقمىچىلىقى ئائىلە ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقلا ھويلا-ئاران باقمىچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تېما بولالايدۇ.

### ئېشەك باقمىچىلىقى

ئېشەك يەم-خەشەك، ئوت-چۆپ تاللىمايدۇ، بېقىش ئاسان.

ئۇيغۇرلار ئېشەكنى مۇھىم قاتناش ۋاستىسى قىلغان. بۇرۇن قىسقا ئارىلىققا سەپەر قىلىدىغانلار ئېشەك بىلەن سەپەر قىلغان. يەنە تېرىقچىلىق ئېتىزلىرىغا ئوغۇت يۆتكەش، خامان ئېلىش، ئاشلىق يۆتكەش ئىشلىرىدا ئېشەكنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا ئوتۇننى يېقىلغۇ قىلغاچقا تاكى يېقىنقى يىللارغىچە جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىشتە ئېشەكنى قاتناش ۋاستىسى قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئېشەك توغرىسىدىكى ماقال-تەمسىللەرمۇ خېلى كۆپ. «ئېشەكنىڭ گۆشى ھارام، كۈچى ھالال»، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس»، «سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ»، «ئون كۈن كۆتەرگەن تەمەچ بىر ئېشەككە يۈك بوپتۇ»، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ»، «داپ داراڭلىغان يەردە، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە...» قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

ئېشەك ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھايۋان. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئېغىر-يېنىك ئىشلىرى، ئۇزۇن-قىسقا سەپەرلىرى ئېشەكنىڭ

كۆچى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، ھەتتا ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ھايۋانلارغا ئوت-چۆپ توپلاشتىمۇ ئېشەكنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇ تار، ئەگرى-بۈگرى تاغ يوللىرىدا، قۇملۇق، شېغىللىق يوللاردىمۇ مېڭىۋېرىدۇ، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئائىلىدە ئېشەك بېقىش ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

### تۆگە باقمىچىلىقى

تۆگە ياز كۈنلىرى چۆل-جەزىرىلەردە، قىش كۈنلىرى ئائىلىدە بېقىلىدىغان ئىنتايىن ياۋاش ھايۋان. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان تەكلىماكاندىن ئىبارەت چوڭ قۇملۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. قۇملۇق، چۆللۈك كۆپ، يۇرت بىلەن يۇرتنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئېغىر يۈكلەرنى توشۇش، يۆتكەش بىر قەدەر تەس بولغاچقا، تۆگىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى قاتناش قورالىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردە دائىم قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، تۆگە ھەقىقەتەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تۆگە ئادەتتە «چۆل كېمىسى»، «قۇملۇق كېمىسى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ نام تۆگىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بېرىلگەن. تۆگە ناھايىتى كۈچلۈك ھايۋان. سوغۇققا، ئىسسىققا، ئاچارچىلىققا، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى. يۈك كۆتۈرۈش كۈچى ناھايىتى زور. ناچار ھاۋا شارائىتىغا ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى. ئات، ئېشەك، خېچىر دېگەندەك ھايۋانلار ماڭالمايدىغان قۇملۇق، چۆللۈك، ئېدىرلىق، شېغىللىقلاردىمۇ بىمالال ماڭالايدۇ. تۆگە تارىختىن بۇيان يىپەك يولىدا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپ كەلگەن، دۇنيانى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى ماھىيەتتىن ئالغاندا تۆگە كارۋانلىرى ئاچقان يول ھېسابلىنىدۇ.

تۆگە ياز كۈنلىرى 40 گىرادۇستىن ئارتۇق ئىسسىق بولىدىغان قۇملۇق، چۆللۈكلەردە ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ ئوت-چۆپ يېمەي، سۇ ئىچمەي بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرەلەيدۇ. كۆز كېلىشى بىلەن تۆگىلەر ئائىلىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ قوتاندا بېقىلىدۇ ۋە يۈك توشۇش ئىشلىرىغا سېلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «تۆگىلەرنىڭ ئېگىكى ئاستىدا ئۆزۈن يۇڭى بولىدۇ. بۇ ‹جۇغدا› دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن (3-توم، 39-بەت). يەنە «تۆگە يوپۇقىنىڭ ئىچىگە سامان تىقىپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تۆگە ئۆركىشىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن تۆگىگە توقۇلىدۇ، بۇ ‹تۆگە قۇمى› دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغان (3-توم، 187-بەت). بۇ بايانلاردىن تۆگىلەرنىڭ ئائىلىدە بېقىلىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تۆگە ھەققىدە ماقال-تەمسىل، رىۋايەت، چۆچەكلەرمۇ بار. «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغىچە، خورازنىڭ تاجىسى بول»، «تۆگە شۇنچە، يېغىرى شۇنچە»، «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر»، «تۆگىنى چۆچەكتە سۇغىرىپتۇ» دېگەن ماقال-تەمسىللەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

تۆگە 300 كىلوگىرام ئەتراپىدىكى يۈكنى بىمالال كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ. تۆگە قوتىنى ياسىماقمۇ ناھايىتى ئاسان. تۆت تال ئۇزۇن ياغاچنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ قويسىلا بولىدۇ. تۆگە ئۈچ يىلدا بىرنى بوتىلاقلايدۇ. 40 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ، گۆشى تاتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تۆگە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۆگە يۇڭى توقۇمىچىلىقنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى. تۆگە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئېتىقادى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى تۆگە بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، تۆگە باقمىچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

### ئۆچكە باقمىچىلىقى

ئۆچكە تېز كۆپىيىدىغان، تېز سەمرىيدىغان، گۆشى تەملىك، سۈتى دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، قوتاندا بېقىشقا ئەپلىك ھايۋان. ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆچكە بېقىپ، سۈتىنى سېغىپ ئۆزلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بېيىتقان.

ئائىلىدە بېقىلىدىغان ئۆچكە ئاز بولغاندا بىر-ئىككى تۇياق، كۆپ بولغاندا 20-30 تۇياق ئەتراپىدا بولىدۇ. بوغاز بولۇپ تۆت ئايدا ئوغلاقلايدۇ. بىر يىلدا بىر قېتىم قىرقىلىدۇ. 15 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۆچكە تىۋىتىنىڭ



سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ توقۇمچىلىقنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئاق تىۋىتتىن ئىشلەنگەن بۆك بولۇپ، ئۇنى چىگىللەر كىيىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن (3-توم، 241-بەت).

قوتاندا بېقىلىدىغان ئۆچكىلەرنى مەخسۇس بىر ئادەم باقىدىغان بولىدۇ. بىر كۈندە ئىككى-ئۈچ قېتىم چۆپ تاشلاپ بەرسىلا بولىدۇ. جىگدە ئۆچكە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يەم-خەشەك ھېسابلىنىدۇ. ئۆچكە ئوغلىقنىڭ گۆشى ئىنتايىن تەملىك، يېيىشلىك بولۇپ دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۆچكىنىڭ تېرىسى، يۇڭى، مۈڭگۈزى، تىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئۆچكە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھايۋان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ئۆچكە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

### توخۇ باقمىچىلىقى

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىرىدە توخۇ بېقىلىدۇ. توخۇنى باغ، ھويلىغا قويۇپ بېرىپ بېقىشقىمۇ، كاتەككە سولاپ قويۇپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ. ھويلىدا بېقىلىدىغان توخۇ ئانچە كۆپ بولمايدۇ. توخۇ تۇخۇم باستۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. توخۇغا دانلىق زىرائەتلەر بېرىلىدۇ. ئەتىيازدىن باشلاپ ياز ئاخىرلىرىغىچە تۇخۇملايدۇ، توخۇ تۇخۇم باستۇرۇپ 20 كۈن بولغاندا چۈجە چىقىرىدۇ. توخۇ ئون يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرىدۇ، بۇ يىل تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلەر كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ تۇخۇملاشقا باشلايدۇ. خورازلىرى بىر ياشقا تولغاندا ئوبدان چىللايدۇ. خوراز تاڭ سەھەردە چىللايدىغان بولغاچقا تاڭ ئەلچىسى دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ، ئۇيغۇرلار خورازنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن ۋاقىت ھېسابلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن.

توخۇ تۇخۇمى قۇۋۋەتتى يۇقىرى يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار تۇخۇم ئىستېمال قىلىشتا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تۇخۇمنى سۇدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ئاش-تائاملار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ئايرىم قازاندا قورۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ئوتتا كۆمۈپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە پەرزەنتلىرىگە تۇخۇم پىشۇرۇپ سوۋغا قىلىدۇ. خەتنە قىلىنغان بالىلارغا تۇخۇم پىشۇرۇپ يېگۈزۈش ئارقىلىق بەدەن ساپاسىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار توخۇ باقمىچىلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى بېيىتقان، يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى موللاشتۇرغان. بولۇپمۇ سەھرالاردا دەرھال قوي ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئىمكانىيىتى يوق شارائىتتا دەرھال توخۇ ئۆلتۈرۈپ يېيىش، تۇخۇمدىن تېز پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تاماق تۈرلىرىنى موللاشتۇرغان. توخۇ باقمىچىلىقى ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ تېما بولالايدۇ.

### غاز، ئۆردەك باقمىچىلىقى

غاز، ئۆردەك باقمىچىلىقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باقمىچىلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: ««غوق» غاز غاق-غوق قىلدى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن (3-توم، 177-بەت). غاز ناھايىتى سەگەك قۇش بولغاچقا ھويلىغا بىرەر ئادەم كىرسىلا غاق-غاق قىلىپ سايراپ ئۆي ئىگىسىگە بەلگە بېرىدۇ. ئۆردەك-غازنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۇدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. كاتىكىدە ئازراق سۇ بولسىلا ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتۇپ ياشايدۇ. غاز-ئۆردەك ھەر كۈنى بىرنى تۇخۇملايدۇ. ئەتىيازدىن ياز ئاخىرىغىچە تۇخۇملايدۇ، تۇخۇم باستۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ، غازنى ھويلىدا بېقىشقا ماس كېلىدۇ، يىراققا كەتمەيدۇ. ھويلىدا كاتەكتە

بىقىلغان غاز ـ ئۆردەكلەرنىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ، غاز ـ
ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ شىپالىق رولى بولغاندىن سىرت
قۇۋۋەت ماددىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى.

### كەپتەر باقمىچىلىقى

كەپتەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىنىڭ
مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. كەپتەر توخۇ باققاندەك
ھەممە ئائىلىلەر باقمايدۇ. ئەمما ئەۋلادمۇئەۋلاد كەپتەر
بېقىشقا ئادەتلەنگەن ئائىلىلەرمۇ خېلى كۆپ. ئۇيغۇرلار
كەپتەرخانىسىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياسايدۇ. كەپتەر ـ
نى قويۇپ بېرىپ باقسىمۇ، كەپتارخانىغا سولاپ باقسىمۇ
بولىدۇ. ئۇيغۇرلار كەپتەرخانىسىنى كۆپىنچە ئۆينىڭ ئۆگ ـ
زىسىگە ياسايدۇ. چۈنكى كەپتەر كۈن نۇرى ياخشى چۈ ـ
شىدىغان ئورۇندا تۇرسا تېز كۆپىيىدۇ. كەپتەر بىر قېتىمدا
ئىككى تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر يازدا بەش ـ ئالتە قېتىم باچكا
چىقىرىدۇ. كەپتەرنىڭ گۆشى ناھايىتى تەملىك بولۇپ
قۇۋۋەت ماددىسى ئالاھىدە يۇقىرى. كەپتەرنىڭ گۆشى،
قېنى، تۇخۇمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تېبابىتىدە
دورا ھېسابلىنىدۇ. كەپتەر باقىدىغان ئائىلىلەر يىل بويى
كەپتەر گۆشىدە تاماق ئېتىپ يەيدۇ. چۈنكى گۆشى تەنگە
زىيان قىلمايدۇ. ئاسان سىڭىدۇ، بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ.
ئۇيغۇرلار كەپتەردىن يەنە ئېستېتىك زوق ئالىدۇ، سورتلى ـ
رىنى يىغىلاپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى كەپتەر باقمىغان بىرەر ـ
سى يىغىدىن كەپتەر باقماقچى بولسا ئەتراپىدىكى كەپتە ـ
رى بار قوشنىلار بىر ـ ئىككى كەپتەر سوۋغا قىلىشىدۇ.
بۇنى دوستلۇق، قوشنىدارچىلىقنىڭ بۇرچى دەپ قارايدۇ.
كەپتەرنىڭ پەرقلەندۈرۈش، نىشان بەلگىلەش ئىقتىدارى
ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، نەچچە كۈنلۈك يىراقتىنمۇ ئۆز
ئائىلىسىنى تېپىپ كېلەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە كەپتەردە پە ـ
رىشتىنىڭ بىر تال تۈكى بار، كەپتەر باققان ئائىلىگە
بەخت يار بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا كەپتەر باققۇچىلار
كەپتەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ پاكىز باقىدۇ. كەپتەر باقمى ـ
چىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىدا مۇئەييەن
مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم باقمىچى ـ
لىق تۈرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### قوتان ياساش ئۇسۇلى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قوتان قوي ۋە باشقا
نەرسىلەرنى سولاشقا ئىشلىتىلىدۇ، چېۋىقتىن توقۇلىدۇ»
دەپ مەلۇمات بەرگەن (3 ـ توم، 309 ـ بەت). دېمەك، بۇ ـ
نىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىقى تارىخى ـ
نىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قوتان شاخ ـ
شۇمبىلارنى چىتلاق قىلىپ ياسىلىدۇ. قوتاننىڭ يېرىمىنىڭ
ئۈستى يېپىلىدۇ، يېرىمىنىڭ ئۈستى ئوچۇق تۇرىدۇ. قوتان ـ
دا بېقىلىدىغان چارۋىلار قۇياش نۇرىغا قاقلانمىسا بولماي ـ
دۇ. شۇڭا قوتاننىڭ يېرىمىنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولىدۇ.
ھايۋانلار شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا ياخشى
تۇرىدۇ. قوتان قىشتا بەك ئىسسىق بولۇپ كەتسە ھايۋان ـ
لارغا ئاسانلا پارازىت قۇرتلار چاپلىشىۋالىدۇ. شۇڭا ھاي ـ
ۋانلارنى قىشتا سولايدىغان قوتانلارمۇ بەك ئىسسىق
بولۇپ كەتمەيدۇ. قوتانلار ئۆينىڭ كەينى تەرىپىنى
ئاساس قىلىپ، ئۆيدىن سەل يىراقراق ئورۇنغا سېلىنىدۇ.
قوتاندا ياز كۈنلىرى ھاشاراتلار كۆپرەك بولىدۇ، قوتان
ھويلىغا يېقىن بولسا پاكىز بولمايدۇ. قوي، ئۆچكە قاتار ـ
لىق كىچىك ھايۋانلارنىڭ قوتانلىرى شاخ ـ شۇمبىلاردىن
چىتلاق قىلىپ ياساش ئاساس قىلىنىدۇ. كالا، ئېشەك،
ئات، تۆگە قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ قوتانلىرى
ئۇزۇن، تومراق ياغاچلار ئاساس قىلىپ چېتىشتۇرۇپ
ياساش ئاساس قىلىنىدۇ. توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق
ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتەكلىرى كىچىك قۇملاردىن ئاساس
قىلىپ ياساپ بېرىلىدۇ. كەپتەرخانا ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە
ياكى ئۆينىڭ يان تەرەپلىرىگە شاخلاردا ۋادەك ئېتىش
ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئېغىلدا بېقىلىدىغان چوڭ ـ
كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوت ـ چۆپ ئېغىلنىڭ
سىرتىغا ياكى مەخسۇس تەييارلانغان قاچىلارغا سېلىپ بې ـ
رىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا چارۋىلارنىڭ ئوت ـ چۆپنى
تولۇق، پاكىز يېيىشىگە، ھايۋانلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەت ـ
لىك قىلغىلى بولىدۇ. قوتان ئەتراپىغا مەھكەم قىلىپ سامان ـ
خانا ياسىلىدۇ، سامانخانىنىڭ شاخلىرى ناھايىتى زىچ چې ـ
تىشتۇرۇلىدۇ؛ ئۈستى يامغۇر سۈيى ئۆتمىگۈدەك قېلىن
كۆمۈلىدۇ. ياز كۈنلىرى ئېتىزلاردىن يىغىۋېلىنىپ قۇرۇتۇل ـ
غان ئوت ـ چۆپلەر قوتاننىڭ ئۈستىگە ئېلىنىدۇ. باشقا
پاسار، بېدە، قومۇش قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر قوتانغا يېقىن
ئەتراپقا جۇغلاپ قويۇلىدۇ، قوتانلار پات ـ پات تازىلىنىپ
سىرتتىن پاكىز توپا ئەكىرىپ چېچىلىدۇ.

## ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىق سايمانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىقىدا بېقىلىۋات ـ
قان چارۋىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە

خاس بىر يۈرۈش سايمانلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چارۋىلارغا يەم-خەشەك بېرىشتە، بەزىلىرى سۇ بېرىشتە، بەزىلىرى چارۋىلارنى ئايرىپ بېقىشتا ئىشلىتىلىدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكى، شەكلى، ياسىلىش ئۇسۇلى بار. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### ئەگىرگۈ

قوي-ئۆچكىلەرنى باغلاپ بېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگىرگۈنىڭ شەكلى ياي شەكلىدە، يەنى يېرىم ئاي شەكلىدە بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ بىر تال ئوق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگىرگۈنىڭ قوي ياكى ئۆچكىنىڭ بويىنىغا باغلاپ ئارغامچىسىنىڭ بىر ئۇچى ئەگىرگۈنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلىنىدۇ، قوي-ئۆچكىلەر ئوتلاقلارغا ياكى ھويلا ئەتراپىدىكى ئوت-چۆپلەرگە باغلاپ قويغاندا ھېلىقى ئوق ياغاچ ئايلىنىپ تۇرغاچقا، قوي-ئۆچكىلەر ئارغامچىغا يۆگىلىپ قېلىپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇنداق ئەگىرگۈ ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ئىشلىتىلمەكتە.

### غارال

ئىككى تال ياغاچنى توغرىسىغا چېتىپ ئوتتۇرىسىغا بالداق سېلىپ رېشاتكا شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. تۆت تال غارالنى چاتسا بىر قوتان ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق قوتاننى يۆتكەپ يۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا ئايرىم بېقىشقا تېگىشلىك بەزى چارۋىلار غارالدا بېقىلىدۇ.

### چۆلۈك

چۆلۈك ئانار شېخىنى قوقاسقا پۇچۇلاپ ئەۋرىشىملاشتۇرۇپ يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ توپاقنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە توپاق بىر ياشقا كىرگەندە بۇرنىدىن تېشىلىپ چۆلۈك ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىدا چۆلۈكنى باغلىغاندا توپاقنى باشقۇرۇش ئاسانغا توختايدۇ. توپاقنى كۆندۈرۈشتىمۇ ئالدى بىلەن بۇرنى تېشىلىپ چۆلۈك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۆندۈرۈلىدۇ. چۆلۈكنى ئانار شېخىدا ئەتكەندە توپاقنىڭ بۇرنى ئاسان ياللۇغلىنىپ قالمايدۇ، توپاقنىڭ بۇرنىغا چۆلۈك ئۆتكۈزۈش ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان.

### ئۇلاق

ئۇلاق توم تېرەك ياغىچىنى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا كېسىپ، ئىچىنى ئويۇپ ياسايدۇ. ئاستى تەرەپكە تۆت تال ياغاچتىن پاچاق سېلىنىدۇ. بۇنداق ئۇلاق خاس چارۋىلارغا يەم-خەشەك بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلاق ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا چارۋىلارنى پاكىز بېقىشتا كەم بولسا بولمايدىغان سايمان ھېسابلىنىدۇ.

### يالاق

يالاق ئائىلىلەردە بېقىلىدىغان چارۋىلارغا سۇ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قاچىسى، ئەجدادلىرىمىز ئائىلىلەردە بېقىلىدىغان چارۋىلارغا سۇ بېرىشتە يالاقنىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلانغان، يالاق ئاساسەن جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. توم جىگدە ياغىچىنى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ يۈزىنى تەكشىلىگەندىن كېيىن ئىچى ئويۇپ ئېلىنىۋېتىلىدۇ. ئىچىنى ئويۇپ ئالغاندا ئىككى باش تەرىپى ئويۇلمايدۇ. بۇنداق يالاقنىڭ چىدامچانلىقى يۇقىرى بولۇپ نەچچە يىل ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يالاققا سۇ ئېلىپ قويسا ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. چارۋىلار بىر ياقتىن ئوت-چۆپ يەپ، بىر ياقتىن سۇ ئىچىپ تويۇنىدۇ، بۇنداق يالاقلار ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، يالاق ھويلا-ئاران باقمىچىلىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم سايمان ھېسابلىنىدۇ.

### قامچا

قامچا — ئات-ئېشەككە مىنىپ سەپەرگە چىققاندا، ئات-ئېشەكنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئات-ئېشەكنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايماندۇر، قامچا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تەييارلىنىدۇ. تېرىنى نەم تۇپراققا كۆمۈپ يۇمشىتىپ، قايچا بىلەن تاسما تىلىپ ئۇنى ئارغامچا ئەشكەندەك ئېشىپ ئادەمنىڭ كىچىك بارمىقىدەك توملۇقتا قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بىر ئۇچىغا 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ساپ بېكىتىلىدۇ. بۇنداق ياسالغان قامچا ئىنتايىن چىداملىق بولۇپ نەچچە ئون يىل ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بۇنداق قامچا ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى مۇسابىقىلىرىدە چەۋەندازلار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# ئۇيغۇرلاردا يارغۇنچاقلىق ئەنئەنىسى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

يارغۇنچاق — يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ھاياتىدىن پەيدىنپەي دېھقانچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇشى، تېرىقچىلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىقتىسادىي فورماتسىيەدە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈشى، ئەجدادلارنىڭ دانلىق (ئۇنلۇق) ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلپىنىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، ئۇنلۇق زىرائەتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش (يارما يېرىش — ئۇن تارتىش) ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى سايمان (يەنى ئىپتىدائىي ئۇن زاۋۇتى) ئىدى.

يارغۇنچاق — ئەجدادلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەن ۋە دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما يارىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش سايمىنى بولۇپ، ئۇ، تارىم-تەكلىماكان ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىقىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەيلى چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا، دېھقانچىلىق قوشۇمچە

ئورۇندا تۇرىدىغان جايلاردا بولسۇن ياكى دېھقانچىلىق بىر قەدەر كېڭەيگەن ۋە تەرەققىي تاپقان جايلاردا بولسۇن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئەجدادلار تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇقتىنى بىرونزا قورال دەۋرىگە تەۋە خارابە، ئىزلار، قەبرىستانلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان يارغۇنچاقلار چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يارغۇنچاقلارنىڭ شەكلى ۋە چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، ئېگەر شەكىللىك، قېيىق شەكىللىك (بەزىلەر ياي شەكىللىك دەپمۇ ئاتايدۇ)، تۈز شەكىللىك ۋە دۈگىلەك شەكىللىك ئاساسىي قىسمىدىن باشقا، يەنە تاش توقماقچىلىرى بولىدۇ. دانلىق ئاشلىقلار ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىغا قويۇلۇپ، تاش توقماقچە بىلەن دانلارنى بېسىپ ئالدى- كەينىگە دومىلىتىش ئارقىلىق يانجىلىپ يارما قىلىنىدۇ. بۇ خىل يارغۇنچاقلار، ئىپتىدائىي دېھقانچىلىقتا ياكى ناھايىتى كىچىك كۆلەملىك دېھقانچىلىقتا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇنلۇق غىزا- تائاملارغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن①.

**1. يارغۇنچاقنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىشى**

يارغۇنچاق — تاشچىلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، قورام تاشتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى ئېگەرسىمان يارغۇنچاق، يەنە بىر خىلى تۇتقۇچلۇق يارغۇنچاق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېگەرسىمان يارغۇنچاق يارغۇنچاقنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ھازىر بايقالغان ئېگەرسىمان يارغۇنچاقلارنىڭ ئاستى تېشىنىڭ ئىككى بېشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان، كۆرۈنۈشى ئېگەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئېگەرسىمان يارغۇنچاق» دېگەن ئىسىم بۇ خىل يارغۇنچاقنىڭ مۇشۇنداق شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان.

ئېگەرسىمان يارغۇنچاق ئىككى پارچە تەبىئىي قورام تاشتىن تەركىب تاپىدۇ. ئاستى تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4 ~ 0.6 مېتىر، كەڭلىكى 0.2 ~ 0.3 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قېلىنلىقى ۋە شەكلىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم بولمايدۇ. پەقەت ئۈستى يۈزىنىڭ تەكشى بولۇشى بىردىنبىر شەرت قىلىنىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ شەكىل ۋە ئۆلچىمى قانداق بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئېھتىمال سىرتقى يۈزى تەكشى بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى تەبىئىي تاشلار ئۈستى تاش قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

يارغۇنچاق شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «ئۆتمە تۈرۈملۈك يارغۇنچاق» ۋە «كور تۈرۈملۈك يارغۇنچاق» دەپ ئايرىلىدۇ.

ئۆتمە تۈرۈملۈك يارغۇنچاقنىڭ ئاستى تاش مەركىزىدىن دىيامېتىرى تۆت- بەش سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ ياغاچ ئوق بېكىتىلىدۇ، ئۈستى تاش مەركىزىدىن 6 ~ 10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىدۇ. يارغۇنچاق ئوقى مۇشۇ تۆشۈككە چۈشىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ بىر چېتىدىن دىيامېتىرى تۆت سانتىمېتىر چوڭلۇقتا ئېچىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ.

كور تۈرۈملۈك يارغۇنچاقنىڭ ئاستى تاش مەركىزىگىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ، قىسقا ياغاچ ئوق بېكىتىلىدۇ. ئۈستى تاش مەركىزىدىن ئوخشاش چوڭلۇق ۋە ئۈچ- تۆت سانتىمېتىر چوڭلۇقتا چىشى كور تۈرۈم (ئوق تۆشۈكى) ئېچىلىدۇ، ئوق ئۇچى مۇشۇ چىشى كور تۈرۈمگە چۈشىدۇ. ئۈستى تاش مەركىزىنىڭ 10 سانتىمېتىر نېرىسىدىكى ئىككى نۇقتىغا دىيامېتىرى بەش - ئالتە سانتىمېتىرلىق بىردىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرسىگە ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ، يەنى بىرسى ئۆگۈت تۆشۈكى بولۇپ، بۇ تۆشۈكتىن ئىككى پاي تاش ئارىسىغا ئۆگۈت سېلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل يارغۇنچاقنىڭ ئىش پىرىنسىپى ئوخشاش، پەرقى: يارغۇنچاق ئىش ھالىتىدە تۇرغاندا، ئۆتمە تۈرۈملۈك يارغۇنچاقنىڭ ئوقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كور تۈرۈملۈك يارغۇنچاقنىڭ ئوقى كۆرۈنمەيدۇ. يارغۇنچاقنىڭ ھەر ئىككى پاي تېشىنىڭ ئىچكى يۈزى بىر- بىرىگە ئۇيدان جىپسىلىشىشى، شۇنداقلا تاش يۈزى مېتىندا چوقۇپ مۇدۇر- چوقۇر قىلىنغان بولۇشى كېرەك. بەزى يارغۇنچاق تاشلىرىنىڭ ئىچكى يۈزىگە قىيپاش يۆنىلىشلىك سىزىقچىلار چېقىرىلىدۇ.

ئەمدى يارغۇنچاقنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشىگە كەلسەك، بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، دىيارىمىز ئارخېئولوگىيەسىدە بايقالغان يارغۇنچاقلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزدا ئەڭ دەسلەپتە توقماقچىسى بىلەن دان يانجىيدىغان ئىپتىدائىي يارغۇنچاقلار ئىشلىتىلگەن بولسا، كېيىنچە قول بىلەن چۆرۈيدىغان خېلى ئىلغار يارغۇنچاقلار بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى، دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتىنىڭ، جۈملىدىن، قەدىمكى زامان

دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ دانلىق ئاشلىق يېمەكلىكىگە بولغان ئېھتىياجى يارغۇنچاقلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىر قەدەر ئىلغارلىششىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن توقماقچىسى بىلەن دان يانجىيدىغان خېلى ئىلغار بولغان قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاق مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل يارغۇنچاق ئومۇمەن قېلىنلىقى تۆت~بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى پاي دۈگىلەك تاشتىن ياسىلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن ئۈستى پاي تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاندىن ئاستى پاي تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئۈستى پاينىڭ تۆشۈكىگە توغرىلاپ تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا چىڭ ياغاچتا ئوق بېكىتىلىدۇ. ئوق ئۈستى پاينىڭ تۆشۈكىدىن ئازراق چىقىپ تۇرغىدەك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۈستى پاي شۇ ئوققا مىندۈرۈلىدۇ. ئۈستى پاينىڭ گىرۋىكىگە يېقىن بىر جايىدىن يەنە تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. تۇتقۇچ ئارقىلىق ئۈستى پاي چۆرگىتىلىدۇ، تۆشۈكتىن ئۇدۇللۇق دان چۈشۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دان يانجىلىپ يۇمشاپ، بىر چەتتىن ئۇن بولۇپ چۈشىدۇ. بۇنداق يارغۇنچاقلار بىلەن تارتىلغان ئۇن ئومۇمەن يىرىكرەك كېلىدۇ ھەممە ئۇن چىقىرىشمۇ چەكلىكلا بولىدۇ.

يارغۇنچاق سۇپىرا، داستىخان ياكى پاكىز رەختنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. بىر قولدا تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئىتتىرىپ ئايلاندۇرۇلىدۇ، يەنە بىر قولدا يىرىك ئاشلىق ئۈستى تاش تۆشۈكى بىلەن ئوق ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتىن ئىككى تاش ئارىسىغا ئاز-ئازدىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن يىرىك ئاشلىق يانجىلىپ، تاش گىرۋىكىدىن تەگلىك ئۈستىگە چۈشىدۇ. تاشنىڭ ۋەزنى چوڭ ئەمەس، ئايلىنىشى ئاستا بولغانلىقتىن، يارغۇنچۇقتا يىرىك ئاشلىقنى بىر قېتىمدىلا تولۇق يۇمشاتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا يىرىك ئاشلىق يارغۇنچاققا بىر قانچە قېتىم سېلىنىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەلگەكتىن ئۆتمىگەن يارما داۋاملىق يۇمشىتىلىدۇ. يارغۇنچاقتا بۇغداي، قوناق، ئارپا، پۇرچاق قاتارلىق يىرىك ئاشلىقلاردىن ئۇن ۋە يارما تارتىشقا، ئۇجمە تالقىنى تارتىشقا بولىدۇ.

يارغۇنچاققا ئاپىرىپ دار قىلغايلا،
نوغۇچقا كىرگەندە شاراقلىغايلا.
قازانغا كىرگەندە ۋاراقلىغايلا،
ئۇنى ئاغچام ئاياقلىغايلا.

بۇ قوشاقتا يارغۇنچاقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى رولى روشەن ئېچىپ بېرىلگەن②.

**2. دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى يارغۇنچاق نەمۇنىلىرى**

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرىدىن، بولۇپمۇ 80-يىللىرىدىن بۇيان دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن ھەر خىل شەكىل-نۇسخىلاردىكى ئىپتىدائىي يارغۇنچاق نەمۇنىلىرى تېپىلدى. ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى بۇ يارغۇنچاقلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقاردى: «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن 2000-8000 يىللار بۇرۇنقى چاغلار ئەتراپىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياكى بۇنىڭدىن 6000-7000 يىللار بۇرۇن شىنجاڭدا ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا تاش يارغۇنچاقلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ نۇقتىنى نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ تونۇلۇۋاتقان ئاستانىدىكى ئىز، سىڭگىردىكى ئىز قاتارلىقلاردىن تېپىلغان تاش يارغۇنچاقلار بىلەن توقماقچىلىرى دەلىللەپ بېرىدۇ»③. دېمەك، يارغۇنچاقلار ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1928-يىل 4-ئايدا، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى قۇرۇقتاغنىڭ ئەڭ شەرقىي ئۇچىدىكى سىڭگىر خارابىسىدىن بىر دانە كەمتۈك تاش يارغۇنچاق تېپىلغان. سۋېن ھېدىن بىلەن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن شۋېتسىيە ئارخېئولوگى بېرگمان ئۇنىڭغا 124: k.13332 دەپ نومۇر بەرگەن④. سىڭگىر خارابىسى ھازىر يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان بىر نەچچە خارابە-ئىزلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

1959-يىل 10-ئاي، 1960-يىل 4-، 6-ئاي ۋە 11-ئايلاردىكى تەكشۈرۈشتە، تۇرپان ئاستانىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە ئىزدىن بەش دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. بۇ يارغۇنچاقلارنىڭ ئىككىسى ئېگەر شەكىللىك، ئىككىسى قېيىق شەكىللىك، بىرسى تۈز شەكىللىك بولۇپ، ئىككىلا يۈزى ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاش توقماقچىدىن بىر دانە تېپىلدى⑤.

1985-يىلى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ

تـەخمىنەن 40 كىلومېتىر شىمالىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دېيىلىۋاتقان ئېرقاباق خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، بىر دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. Y1:123 نومۇرلۇق بۇ يارغۇنچاق ئېگەر شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 38 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر كېلىدۇ⑥.

1959 ـ يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە كارسالڭ خارابىسىدىن قىيىق شەكىللىك تاش يارغۇنچاقتىن ئىككى دانە تېپىلدى. بىرسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 34.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 21 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.8 سانتىمېتىر؛ يەنە بىرسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدۇ⑦.

1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىرىنزا يېزىسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە خارابىدىن بىر تۈركۈم ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاقلار تېپىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، بىر قەدەر ساقراق كەلگەن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر؛ يەنە بىرسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر ئۈچى چوڭ، بىر ئۈچى كىچىك كەلگەن تاش توقماقچىدىن ئون دانە تېپىلدى، ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13.5 سانتىمېتىر⑧.

1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قۇرۇقدالا خارابىسىدىن ئۈچ دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى⑨.

1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە ئاقدالا خارابىسىدىن 14 دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. بۇ يارغۇنچاقلار ئېگەر شەكىللىك ۋە تۈز شەكىللىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئېگەر شەكىللىكى بىر قەدەر چوڭ. ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ⑩.

1976 ـ يىلى، مورى ناھىيەسىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە سىداۋگۇ خارابىسىدىن، دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە تاش يارغۇنچاقتىن سەككىز دانە، كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە تاش يارغۇنچاقتىن 16 دانە تېپىلدى. دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋەلىرى چوڭ ھەم سوزۇنچاق بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، شەكلى تۈز ۋە ئېگەر شەكىللىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل. كېيىنكى مەزگىلگە تەۋەلىرىنىڭ شەكلى دەسلەپكى مەزگىلدىكىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگەر شەكىللىكتىن 11 دانە، تۈز كەلگەنلىرىدىن بەش دانە بار. بۇنىڭدىن باشقا بىر ئۈچى توم، بىر ئۈچى ئىنچىكە، ھەممە يېرى سىلىق كەلگەن تاش توقماقچىمۇ بايقالدى. كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن دەۋر سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدىكىسى بۇنىڭدىن 105±3010 يىل بۇرۇنقى، كېيىنكى مەزگىلدىكىسى بۇنىڭدىن 90±2345 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەر ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ⑪.

1979 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسىدىكى شىنتاران خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، مەزكۇر خارابىلىكتىن ئالتە دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. يارغۇنچاقلار قىيىق شەكىللىك ۋە ئېگەر شەكىللىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، قىيىق شەكىللىكى ئىككى دانە، ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.1 سانتىمېتىر؛ ئېگەر شەكىللىكى تۆت دانە بولۇپ، ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ⑫. 1981 ـ ۋە 1984 ـ يىللىرى يۈرگۈزۈلگەن تەكشۈرۈشتە، مەزكۇر خارابىلىكتىن يەنە ئون دانە تاش يارغۇنچاق يىغىۋېلىندى. بۇ يارغۇنچاقلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئېگەر شەكىللىك، ئاز قىسمى تۈز شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئاساسەن 32 ~ 37 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى 11 ~ 13 سانتىمېتىر. ئۇلاردىن 81HA:78 نومۇرلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم تاش توقماقچىلارمۇ تېپىلدى. بۇ خارابىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئېنىقلانغان دەۋرى، بۇنىڭدىن 90±3375 يىللار (دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق ئېنىقلىما بېرىلگەن) ئىلگىرىكى زامانغا توغرا كېلىدۇ ⑬، يەنى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ.

1979 ـ يىل 2 ـ ئايدا، خوشۇت ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە چوقۇ خارابىسىدىن ئالتە دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. ئۇلارنىڭ شەكلى شىنتاران خارابىسىدىن تېپىلغانلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن 81HQ:2 نومۇرلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ⑭.

1990 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ ئۇششاقتال يېزىسى 2 ـ كەنت چارۋىچىلىق ئەترىتىنىڭ تەخمىنەن 500

مېتىر شىمالىغا جايلاشقان لەنچىلىڭ خارابىسىدىن تاش يارغۇنچاق تېپىلدى. 98HWLYC:05 نومۇرلۇق بۇ يارغۇنچاقنىڭ پەقەت يېرىمىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ قېيىق شەكىللىك يارغۇنچاق پارچىسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر. مەزكۇر خارابىنىڭ دەۋرى تاڭ-يۈەن زامانلىرىغا توغرا كېلىدۇ⑮.

1988-يىل 9-، 11-ئايلاردا، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى ياۋۇلۇڭ كەنتىنىڭ 500 مېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان خارابىدىن بىر دانە تاش يارغۇنچاق يىغىۋېلىندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، مەزكۇر خارابە تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ⑯.

1990-يىل 8-، 9-ئايلاردا، چاپچال ناھىيەسىدىكى سۇتۇنبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن دۈگىلەك شەكىللىك ئىككى پاي تاش يارغۇنچاق تېپىلغان بولۇپ، 1-پاي تاشنىڭ دىيامېتىرى 34 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى توققۇز سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى يەتتە سانتىمېتىر؛ يەنە بىر پاي تاشنىڭ دىيامېتىرى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە سانتىمېتىر، تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدۇ⑰. بۇلار قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقلارنىڭ تېشى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ~ 3-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

1989-يىل 4-، 5-ئايلاردا، باي ناھىيەسىدىكى قىزىل مىڭئۆيدىن قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقنىڭ بىر پاي تېشى تېپىلدى. 4:02 — K89 دەپ نومۇر بېرىلگەن بۇ دۈگىلەك تاشنىڭ دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىرچە، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يۇمىلاق ئويمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇر چېچىلغان شەكىلدە چىقىرىلغان چىش ئوقۇرى بار. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان⑱. مەزكۇر يارغۇنچاق تېشى تېپىلغان 4-غار، مىلادىيە 3-، 4-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

1990-يىل 9-ئايدىن 1991-يىل 6-ئايغىچە يۈرگۈزۈلگەن تەكشۈرۈشتە، ئاقتۇ ناھىيەسى ئوجمە يېزىسى ئالتۇنچى كەنتىنىڭ يەتتە كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى قاغۇرتىم خارابىسىدىن كەمتۈك يارغۇنچاق تېشى تېپىلدى. دۈگىلەك شەكىللىك بۇ تاشنىڭ دىيامېتىرى 38 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر، دان سالىدىغان تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى 6.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا دان ئېزىدىغان چىشلار چىقىرىلغان، چىش ئوقۇرى تېيىز بولۇپ، كەڭلىكى 0.6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، مەزكۇر خارابىنىڭ دەۋرى مىلادىيە 2-، 4-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ⑲.

دېمەك، يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، تارىم-تەكلىماكان ۋادىلىرىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنلۇق يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، سۈپەتلىك ئۇن تارتىدىغان تۈگمەننىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى ھېسابلانغان تاش يارغۇنچاقلارنى ئىختىرا قىلىپ، يارما يېرىپ، ئۇن تارتىپ ئۆز تۇرمۇشىدىكى يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە، يەنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە تاش توقماقچە بىلەن دان ئېزىدىغان ئىپتىدائىي يارغۇنچاقلارنى ئىختىرا قىلىپ ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولسا، بۇ خىل ئىپتىدائىي يارغۇنچاقلار ئاساسىدا، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000-3000 يىللار بۇرۇنقى بىرونزا دەۋرىدە ياكى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، بىر قەدەر ئىلغارراق بولغان قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقلارنى ياساپ ئۆز تۇرمۇشلىرىنى قامداپ كەلگەن.

### 3. يارغۇنچاقنىڭ تارىختىكى رولى

يارغۇنچاق مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، بولۇپمۇ غىزا-تائام ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدا ياشاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جۇغراپىيەلىك تەبىئىي شەرت-شارائىتلاردىن باشقا، ئىستېمال ئادىتى ۋە يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىستېمال ئادىتىدە گۆش، ياغ، بۇغداي، قوناق قاتارلىق قۇۋۋەتلىك، ئاقسىلغا باي، كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەر بىلەن گۈرۈچ، كۆكتات قاتارلىقلارنى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغان رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەن سۈپىتى، مۇسكۇللارنىڭ تەرەققىياتى،

ئەقلىي ئىقتىدارى، بەرداشلىق بېرىش كۈچىدە روشەن پەرق بولىدىغانلىقى مېدىتسىنا ئىلمىدە ئاللىقاچانلا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت، يەنە قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا ياشايدىغانلاردىمۇ بۇنداق پەرقلەر زور.

دېمەك، يارغۇنچاقتىن ئىبارەت بۇ «ئىپتىدائىي تۈگمەن»نىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا دىيارىمىزدا ئاپپىرىدە بولۇشى ئەجدادلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش دەۋرىگە كەلگەندە، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىغا تايىنىپ قايتا-قايتا سىناق قىلىش ئاساسىدا قول بىلەن چۆرۈيدىغان دۈگىلەك يارغۇنچاقلىرىنىڭ ياسىلىش قائىدىسى بويىچە، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلغار بولغان ھەم كۆپرەك ئۇن تارتقىلى بولىدىغان تۈگمەننى كەشىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلار ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى ۋە سۇ كۈچى ئارقىلىق تۈگمەنلەردە ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن ھەم ئۇنلۇق ئاشلىق ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشىگەن.

خۇلاسە كالام شۇكى، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، مىڭلىغان يىللاردىن بېرى ئۇنى ئۆز تۇرمۇش قاتلاملىرىدا داۋاملىق ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ، راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپ يارغۇنچاق ئاساسىدا ئېنېرگىيە (ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى، سۇ كۈچى)دىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرۈپ ئاشلىق پىششىقلاشنى ئىختىرا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى، يەنى ئۇن تارتىش ئۇسكۈنىسىنىڭ يالدامىسى بولغان يارغۇنچاقنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن تېخى ئۈزۈل-كېسىل سىقىپ چىقىرىلغىنى يوق. چۈنكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-، 90-يىللىرىغىچە تارىم-تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى قەدىمىي بوستانلىق ۋادىلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا يارغۇنچاقتىن پايدىلىنىپ يارما تارتىدىغان قەدىمكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى بىز بىلىمىز.

مەسىلەن، دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ھەم چەرچەن، چاقىلىقلار تەۋەسىدىكى دەريا-ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پەسىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، قىش ۋە ئەتىيازلاردا سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ تۈگمەن چۆرۈپ ئۇن تارتىش مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنى يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك تەبىئىي شارائىتى بەلگىلىگەن. دەريا-ئېقىنلاردا سۇ توختاپ، تۈگمەنلەرنى چۆرۈشكە ئىمكان بولمىغان پەسىللەردە ئاشلىق پىششىقلاش، ئۇن تارتىشتا يارغۇنچاق قوشۇمچە ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخى يېقىنقى يىللارغىچە بەزى چەت-يىراق مەھەللە-كەنتلەرگە ئېلېكتر توكى يېتىپ بارمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇن زاۋۇتلىرىمۇ قۇرۇلمىغان. بۇنداق شارائىت ئاستىدا، بەزى دېھقانلىرىمىز ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلىدا يارغۇنچاقلاردا ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن. بۇنى شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسى بەلگىلىگەن. ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۈگمەن بىلەن سۇ تۈگمىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كېيىن تېزلىكتە كېڭىيىپ يۇرت-يۇرتلاردا ئومۇملاشقان سۇ تۈگمىنى بىلەن 5000-7000 يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن يارغۇنچاقلار يېقىنقى يىللاردىن باشلاپ توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان زامانىۋى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تارىخىي ۋەزىپىنى ئاياغلاشتۇردى، بۇنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىماي بولمايدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 146-، 147-بەتلەر.

② ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو-سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2011-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 16-قىسىم، 154-، 155-بەتلەر.

③ ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، 146-بەت.

④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮، ⑯، ⑰، ⑱، ⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 147-، 148-، 149-، 161-، 162-، 163-بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش-تە)

# سۇمبۇل چاچتىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر









جامالدىن جالالدىن

سۇمبۇل ــ ئەسلىدە ئىزمۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ
يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسمان
بولۇپ، ئۇزۇن ئۆسىدۇ. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇ-
غىتى» 644-بەت) سۇمبۇل سۆزى قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ
چاچلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالەتتە سۈپەتلەپ بەرگەن
بولۇپ چاچنىڭ ئۇزۇن، يارىشىملىق، چىرايلىق كۆركەملى-
كىگە قارىتا ئىيتىلغان. تارىخىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينى-
دە سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، سەنئەت ھاياتى-
مىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. ئۆزىمىزدىكى تەبىئىي
گۈزەللىك، خاراكتېرىمىزدە يېتىلگەن گۈزەللىكنى سۆيۈش
ئېڭىمىز تۈپەيلى تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر بىر نۇقتىدىن
تارتىپ، ئۆزىمىزنىڭ بەدەن گۈزەللىكىگىچە ئىنتايىن ئەھ-
مىيەت بېرىپ، ئۇنى ئاجايىپ ئىبىل، جەزبىدار سۆزلەر
بىلەن تەسۋىرلەپ ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق.
جۈملىدىن، گۈزەللىك ئەلچىسى بولغان خانىم-قىزلىرىمىز-
نىڭ تەقى-تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرى،
چىراي ئىپادىلىرىنى ئىستېتىك قىممىتى يۇقىرى سۆز-
جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىدۇق. مەسىلەن، قوي كۆزلۈك،
ئېغىزلىرى ئويماقتەك، مەڭزلىرى ئاناردەك، يۈزى
ئايدەك، سۆزى بالدەك، مېڭىشى لالىدەك، تۇرقى
گۈلدەك قاتارلىقلار. ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا،
يۈزنىڭ قىزغۇچ بولۇشى، چاچنىڭ قويۇق ۋە جانلىق بو-
لۇشى قاتارلىقلار ساغلاملىقنىڭ ئىپادىلىرى. شۇڭا تېبابەت
ئىلمىمىزدىمۇ چىرايغا قاراپ داۋالاشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ.
چاچنىڭ تولۇق، ساغلام بولماسلىقى ھەم ئەيىب ھەم كې-
سەللىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئاياللار ئۈچۈن
بەكمۇ ھارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىنىنىك تارىخىمىزغا نەزەر
سالساق، فولكلورىمىزدىكى چاچ ھەققىدىكى بايانلار ئۇ-
زاقتىن بېرى خەلقىمىزگە زور ئېستېتىك زوق ۋە ئەمەلىي
قىممەت ئاتا قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق داس-
تانلىرىنىڭ بىرى «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى بىر
قىسىم قۇرلارنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۇنىڭ (مەختۇمسۇلا-
نىڭ) ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىدىن بىر نەچچە تىلى سۇغا
چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سانجۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۇزمۇخ
نەۋكەرلىرى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزا-
دە ئۇزمۇخ كۆل بويىغا كېلىپ باش-كۆزىنى يۇيۇۋاتسا،
قولىغا سۇمبۇل چاچ ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاچنىڭ ئۇزۇن
ۋە سۇباتلىقى شاھزادىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇزمۇخ
نەۋكەرلىرىدىن: ــ بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ چاچ؟ ــ
دەپ سوراپتۇ. نەۋكەرلەر: ــ ھەي شاھزادە! بۇ ئىلى

ئىقلىمىنىڭ گۈزەللىكى مەختۇمسۇلانىڭ چېچىغا ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى، 34-بەت). يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئابدۇبەسىر شۇكۇرىلەرنىڭ «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» دېگەن كىتابىدا دېيىلگەن تۆۋەندىكى ئۇرۇنلارنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرۈپ باقايلى: «كىرووران ئانا، يۈز ۋە لەۋلىرىڭىز گىرىم قىلىنىپتۇ. بەزى دەۋرداشلىرىڭىزنىڭ چاچلىرىغا ياسىما چاچ ئۇلىنىپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىزمۇ گۈزەللىككە ئىنتىلەتتۇق. يۈزلىرىمىزنىڭ قىزىل ۋە لەۋلىرىمىزنىڭ ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرۇشىنى ياقتۇراتتۇق. ئەينى چاغدا ئاياللارغا نىسبەتەن چاچنىڭ ئاز بولۇشى ئەيىب سانىلاتتى. ئۇنى ئۆزىمىزدىكى بىر نۇقسان دەپ بىلەتتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىي گۈزەللىكىمىزنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ۋە تېخىمۇ جەلپكار بولۇش ئۈچۈن يۈز ۋە لەۋلىرىمىزگە گىرىم قىلاتتۇق. قاشلىرىمىزغا ئوسما قوياتتۇق، ئۆزىمىزنى پەردازلىشىمىز بىز ئاياللارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىمىز ئەمەسمۇ»، «ئۇيغۇرلار چاچنى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى سۈپىتىدە قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار چاچقا ۋە چاچنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىراق ھەممە خوتۇنلارنىڭ چېچى كۆڭۈلدىكىدەك قويۇق ۋە ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا بۇنداق كەملىكنى چاچنى كۆپەيتىش ۋە چاچقا سۈنئىي چاچ ئۇلاش ئارقىلىق تولۇقلىغان.»

ئەي، زى زۇلفى شەپ مىسالەت سايە پەرۋەر ئەفتاپ،

شامى زۇلفەترا بە چايى ماھ دەريەر ئافتاپ.»

(ئەي، سېنىڭ تۈندەك قارا چاچلىرىڭدىن قۇياشتەك يۈزۈڭگە سايە سالغاندەك چاچلىرىڭ تۈندە ئاي ئورنىغا قۇياش تۇغۇپتىغۇ)، «يۇقىرىقى كىتاب، 2004-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 46-، 245-، 340-بەتلەر).

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن كىتابىدا «بۇلار (ئۇيغۇرلار) «پىرقىرما ئۇسسۇلىم»، «سەكرەش ئۇسسۇلى»، «چەش ئۇسسۇلى»، «چاچ تاشلاش»، «ئالان»، «سومۇز» قاتارلىق ھەيۋەتلىك ئۇسسۇللار ۋە «يىشىل رومال»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى»، «شۇشرۇ»، «تۈنىكى نالە»، «نالەش»، «سېرىق قۇيرۇق» (ئاھۇ) قاتارلىق لەرزان ئەۋرىشىم ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت ئىدى» (يۇقىرىقى كىتاب 60-بەت) دېگەن باياناتلاردىن شۇ زامانلاردىمۇ مىللىتىمىزنىڭ چاچنى گۈزەللىكنى شەرھلەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىن 11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر دېگەن كىتاب (مىللەتلەر نەشرىياتى 2010 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى)تا گىرىم قىلىش جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئىش 11 - ئەسىردىكى ئاياللىرىمىزنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئۇلانما چاچ ئىشلەتكەنلىكىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي خەلقلەر (ئۇگمك) دەپ ئاتايدىغان بۇ ئۇلانما چاچ ھەققىدە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مەلۇمات بېرىدۇ» دېيىلگەن. (يۇقىرىقى كىتاب 366 - بەت) خەلقىمىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشا - قوشاقلىرىمىزدىمۇ چاچ ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئالايلۇق:

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشۈپتۇ يوتاسىگە.
كىشىنىڭ يارىنى يار دەپ،
قالايمۇ بالاسىگە.
مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن.
يىگىت قولى باغلاندى،
چوكاننىڭ چېچى بىلەن.

يازما ئەدەبىيات مەنبەلىرىمىزدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىمىزدىمۇ چاچ ھەققىدىكى ھېسسىياتقا باي تەسۋىرلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق:

ئەي ئارەزى نەسرىن، ساچى سۇمبۇل، قەدى شەمشاد،

بۇلبۇل كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالە-فەرياد.

(ئەي يۈزى نەسرىن گۈلدەك گۈزەل، سۇمبۇل چاچ، قەددى-قامىتى شەمشاد دەرىخىدەك كېلىشكەن يار، مېنىڭ ئىشىم بۇلبۇلغا ئوخشاش سېنىڭ دەرىدىڭدە نالە-

2013.

پەرياد قىلىش بولدى.) (نەۋايى شېئىرلىرىدىن)

يۈزىنى گۈل دېسە، گۈلدىن چىرايلىق، ساچىنى دەي دېسە، سۇمبۇل تۇراقلىق.

قېشى بەرگى قىياقنى، يا ئىدى يا، قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا. (ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىدىن ئېلىندى).

«بىر قاراپ سېھرىلىك بىلەن سەن يۇمۇۋالدىڭمۇ مېنى، ئۆرۈم - ئۆرۈم چاچلىرىڭغا ئۆرۈۋالدىڭمۇ مېنى» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر گۈزىلىگە» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىندى). دېمەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاساسىي مەنبە قىلغان ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل بايان ياكى تەسۋىرلەر سۆزسىز بىزگە چاچ ھەققىدىكى ئۆرپ - ئادەت ئىزچىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ھەقتە رېئاللىق ياكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

بىرىنچى، چاچ ئەڭ ئاۋۋال ساغلام تەننىڭ ئىپادىسى. ساغلام تەن بولغاندىلا، ئاندىن باشقا ئەزالارغا ئوخشاش چېچىمىزمۇ كۆركەم، قويۇق، سۇمبۇلدەك ئۇزۇن جەزبىدارلىققا ئىگە بولالايدۇ. بولۇپمۇ ياشلىق مەزگىلدە گۈل سۈپەت قىزلىرىمىزغا ئالاھىدە كۆركەملىك ئاتا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، چاچ ئەنئەنىۋىلىكنىڭ، مىللىي خاسلىقنىڭ بەلگىسى. بىز بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر قاپقارا قويۇق كۆزلىرىمىزدىن، خانىم-قىزلىرىمىز ھىلال ئاي كەبى قاشلىرىدىن، ئۇنچىدەك چىشلىرىدىن، سۇمبۇلدەك چاچلىرىدىن پەخىرلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى. خانىم قىزلىرىمىزنىڭ ئەجداد ئىزچىللىقىغا مايىللىشىپ، ئۆزلۈك ئەنئەنىنى ئىختىيارىي تاللىشى.

ئۈچىنچى، سۇمبۇل چاچ پاكىزلىقنىڭ، چېچەنلىكنىڭ، ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ، ئىشچانلىقنىڭ بەلگىسى. يەنى چاچنىڭ پاكىز رەتلىك، پارقىراق، ئۇزۇن بولۇشى قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ تازىلىق ساپاسى، نازۇكلۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مىللىي خاسلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئېرىنچەكلىكتىن خالىي، ئىشچان خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى. بىز قېرىنداش مىللەتلەر ۋە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى، ھەتتا ئايرىم تەرەپلەردە خېلى زور ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگىمىز. ئۆزىمىزگە خاس بولغان چاچ مەدەنىيىتىمىز ئىلغارلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە گۈزەللىكنىڭ، ئەخلاقىي ساپانىڭ تاشقى جەھەتتىكى مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى. مەدەنىيەت گاھىدا ئۆز مەزمۇنىنى مەلۇم تاشقى كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. دېمەك، چاچ مەدەنىيىتىمىز بىزنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىمىزنى، گۈزەللىككە بولغان تەشنا قەلبىمىزنىڭ يارقىن جۇلالىنىشى، جىسمانىي كىملىكىمىزنىڭ مەلۇم تەرىپى. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەر خىل رەڭلەردىكى چاچ پاسونلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. لېكىن كۆڭۈل كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، يەنىلا سۇمبۇل چاچلىق خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. باشقا مىللەتلەرمۇ ئۇلارغا سەممىي ئېھتىرام كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك ماكانلاردا ئوينىلىۋاتقان سەھنە خاراكتېرلىك ئويۇنلىرىمىزمۇ سۇمبۇل چاچلىق قىزلىرىمىز بىلەن ئالاھىدە جەلپكارلىققا ئىگە بولماقتا. دېمەك، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر چاچ پاسونلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان ئەنئەنىلەرگە ئىگە، شۇلار قاتارى بىزمۇ بۇ جەھەتتە مۇئەييەن خاسلىقنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىمىز. سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بىزدىكى چاچ شەكلى ئۆزگىچىلىكى، چاچنى سەنئەتلىك ئىپادىلەش چېۋەرلىكى، گۈزەللىكنى قەدىرلەش ئېڭى، مەدەنىيەتنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئىقتىدارى باشقا مىللەتلەردىن ھەرگىز كەم ئەمەس. تۈرلۈك شەكىل ۋە ماھىيەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى مىللىي دىت ئاساسىدا قەدىرلەيلى.

پايدىلانمىلار:

1. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى 11-ئاي 3-بېسىلىشى، توپلىغۇچى ئابدۇكېرىم رەھمان)

2. «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 8-ئاي 1-بېسىلىشى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى).

3. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 8-ئاي 1-بېسىلىشى)

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيەسى تۇرپانيۈزى ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

# ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ھەققىدە



**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

ئويۇن ــ ئادەم بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق پائالىيەتلەردىن ئىبارەت.

تارىخنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالغاندا، نۇرغۇن كەسىپ ئەھلىلىرى پەلسەپە، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلىرىدىن چىقىپ ئويۇننى شۇ پەنلەرنىڭ خاسلىقى بويىچە كۆزەتكەن، تەسۋىرلىگەن، شەرھلىگەن.

غەربلىكلەرنىڭ ئويۇن ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئىچىدە گوللاندىيەنىڭ داڭلىق مەدەنىيەتشۇناسى خۇيزىنگانىڭ ھۆكۈمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇ ئويۇننى ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ئىنسان ــ ئويۇن ئوينىغۇچى» دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇ ھۆكۈم غەرب ئىدېئولوگىيەسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ھۆكۈمدە خۇيزىنگا ئىنساننىڭ ئويۇن ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ، مەدەنىيلىك ــ ئويۇن ئىچىدە، شۇنداقلا ئويۇن سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئويۇن مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل دەپ كۆرسەتكەن. خۇيزىنگا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ۋە شەكلىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، «بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ مۇساپىسىدە ئويۇننىڭ مەلۇم بىر ئامىلى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئويۇن ئامىلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بولغان كۆپ خىل شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ»① دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. سىگمۇند فرويىد روھىي ئانالىز نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ئويۇن ئىستەكنى قاندۇرۇش ۋە جاراھەتكە خاتىمە بېرىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىغان. يەنى، ئويۇندا بالىلار ئۆزلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا قاندۇرالمىغان ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ، ئويۇن بالىلارنى رېئاللىقنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە چەكلىمىسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تەتقىقاتچىسى ياڭ بىنشىن ئويۇن ئۈستىدە توختىلىپ: «ئويۇن ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى مەلۇم ھەرىكەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تەبىئىي ئىقتىدارلىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە مەنپەئەتدارلىق مەۋجۇت بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ②

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئويۇن ئۇقۇمى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا ئوينىلىدىغان بىر قانچە ئويۇننى تىلغا ئالغان. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ قوزىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا (يەل) تولدۇرۇپ، ئىشلەنگەن توپنى تېپىش ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ قارشى قەلئەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان «تەپۈك» (تېپىش) ئويۇنى بار ئىدى» ③ دېيىلگەن.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئويۇن بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى، شۇنداقلا بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى. ئۇ بالىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي

ۋە گۈزەللىك جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. بالىلار ئويۇن ئارقىلىق بەدەننى چېنىقتۇرىدۇ، ھەمدە تەپەككۇرنى يېتىلدۈرىدۇ، بالىلىق ھېسسىياتىنى مولّاشتۇرىدۇ، بالىلار ئويۇن ئىچىدە چوڭ بولىدۇ.

ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئادەمنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان دەۋرى بولغاچقا، ئويۇننىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى غايەت زور دېيىشكە بولىدۇ.

ئويۇن بالىلارغا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ياخشى تەرەققىيات شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئويۇندا بالىلارنىڭ ئىپادىسى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن. بالىلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ئىپادىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئويۇننى بالىلارنىڭ دۇنيانى تونۇشىدىكى قورالى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى — ئەجدادىدىن ئەۋلادقىچە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئويۇنلار بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى تەبىئەت بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەر بىرىدە تەبىئەتكە، ھايۋانلارغا، ئاتا-ئانىلارغا، قېرىنداشلارغا، دوستلارغا بولغان سەممىي مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا بالىلار ئويۇنلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ساغلام يېتىلىش، تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگىتىش، سەنئەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتە تەربىيىلەش، ئىنسانىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، «قارا-قارا قۇشلارىم» ئويۇنى، چامغۇر يۇلۇش ئويۇنى، بەش تاش ئويۇنى، ئاغىچا ئايلام ئويۇنى، ئۆي ياساش ئويۇنى، قول ياغلىق تاشلاش ئويۇنى، «ئەللەي بالام» ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلاردا يۇقىرىدىكى ئىپادىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

بۇ سان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان مۇھەممەدئىمىن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئەنئەنىۋى ئويۇنلار» دېگەن ماقالىسىدە ئەنە شۇنداق خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن چوماق توپ ئويۇنى، غىچىرتاق ئويۇنى، ئوردا كالتەك ئويۇنى، غۇررەك ئويۇنى، توپ قاڭقىتىش ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

چوماق توپ ئويۇنى بىر قەدەر قىيىن، رىقابەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان تەنتەربىيە ئويۇنى بولۇپ، بالىلارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ يۈگۈرۈش، كۆزىتىش، ھۆكۈم قىلىش، چەنلەش ئىقتىدارىنى سىنايدۇ، شۇنداقلا بالىلاردا كوللېكتىپ ھەمكارلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

غىچىرتاق ئويۇنى ئوغۇل بالىلاردا جۈرئەتلىك، قورقۇمسىز بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، بۇمۇ بىر خىل تەنتەربىيە ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ئوردا كالتەك ئويۇنى يەرگە مۇشت چوڭلۇقىدىكى ئورەك كولىنىپ، ئۈچكىلەرنى شۇ ئورەككە چەنلەپ ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، بالىلارنىڭ بارماق ھەرىكىتىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقىنى يېتىلدۈرىدۇ.

غۇررەك ئويۇنى — بۇ ئويۇن بالىلاردا نەرسە ياساش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىپ زېھنىنى ئاچىدۇ.

توپ قاڭقىتىش ئويۇنى — بۇ ئويۇن بالىلارنى ھەم چېنىقتۇرىدۇ، ھەم ئىنكاسىنى تېزلەشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي جەريانىدا بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئوينىغان.

بىراق 90-يىللاردىن بۇيان قوزغالغان شەھەرلىشىش دولقۇنى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى ئازايدى. بالىلارنىڭ ئويۇن ئويناش بوشلۇقى تارىيىپ، ئويۇن ئويناش ۋاقتىمۇ قىسقاردى.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن تارتىپ دۇنيا مىقياسىدا ئالاقىلىشىش تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت تورىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ دۆلەت بىلەن دۆلەت، مىللەت بىلەن مىللەت، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالمىشىش كۆلىمى كۆپىيىپ، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى تېزلەشتى. شۇ سەۋەبتىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋى ئويۇنچۇق ۋە مودېللىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى.

مانا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزدىن ئىبارەت بىباھا مىراسىمىز خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان، بالىلىرىمىز ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى مەكتەپ ۋە مەھەللىلەردە تەشكىللەپ، بالىلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئېسىل ئەنئەنىۋى مىراسىمىزنى ساقلاپ قېلىش بەكمۇ زۆرۈر.

شۇڭا مۇھەممەدئىمىن سابىرنىڭ بۇ ماقالىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن.

ئىزاھات:

① [گوللاندىيە] خۇيزىنگا «ئىنسان — ئويۇن ئوينىغۇچى»، چېڭ چيۇڭ تەرجىمە قىلغان، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى نەشرى، 222-بەت.

② سەي فېڭمىڭ: «ئويۇن تارىخى» (كىرىش سۆز قىسمى)، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1-توم، 579-بەت.



# ئەنئەنىۋى ئويۇنلار

مۇھەممەدئىمىن سابىر

## چوماق توپ ئويۇنى

بۇ چوماق شەكىللىك ياغاچ سايماننى ۋاستە قىلىپ، توپنى «ئۆي» (ۋاراتار)گە كىرگۈزۈپ ئوينىلىدىغان ئەنئە-ۋى تەنتەربىيە ئويۇنى بولۇپ، چوماق ئاساسىي ئويۇن قورالى قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن «چوماق توپ ئويۇنى» دەپ ئاتال-غان، بۇ ئويۇن بەزى جايلاردا «مەرە ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلى-دۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ ئېتمولوگىيەسى ئانچە ئېنىق ئەمەس.

چوماق توپ ئويۇنى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاممىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. چوماق توپ ئويناش ئۈچۈن ئاۋۋال مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى مەيدان ۋە ئويۇن قوراللىرىنى تەييار-لاشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. ئويۇن مەيدانى**

مەيدان تەييارلاپ دائىرە بېكىتىش: چوماق توپ ئويناش ئۈچۈن ئادەتتە كەڭلىكى 30 قەدەم (تەخمىنەن 20 مېتىر)، ئۇ-زۇنلۇقى 50 قەدەم (تەخمىنەن 30 مېتىر) كېلىدىغان بىر پارچە تۈز يەر تاللىنىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە كەنت ئەتراپلىرىدىكى بوش يەرلەر، زەيكەش يەرلەردىن پايدىلىنىلىدۇ ياكى زىرائەت ئېتىزلىرى تۈزلەپ ئادالاپ تەييارلىنىدۇ. مەيدان تەييارلانغان-دىن كېيىن، قەدەملەپ تۆت تەرىپىگە سىزىق سىزىلىدۇ ياكى تۆت بۇرجىكىگە تاياق چوقۇش، داڭگال قويۇش قاتارلىق ئۇ-سۇللار ئارقىلىق مەيداننىڭ دائىرىسى بېكىتىلىدۇ.

«ئۆي» ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش: تەييارلانغان مەيداننىڭ ئىككى توغرا بېشىدىكى پاسىل سىزىقنىڭ دەل ئوت-تۇرىسىدىن ئالتە-سەككىز قەدەم (تەخمىنەن تۆت-بەش مېتىر) ئارىلىق ئۆلچىنىپ، ئىككى چېتىگە خام كېسەك قويۇش، قوزۇق قېقىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق توپ كىرگۈزۈلى-دىغان دائىرە بېكىتىلىدۇ. بۇ دائىرە «ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھازىرقى ئاتالغۇ بويىچە «ۋاراتار» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇ-يۇلغان نۆۋەت «ئۆي»نىڭ ئىككى چېتىدىكى قوزۇق ئارىسى-دىن تۈز يۆنىلىشتە مەيدان سىرتىغا چىقىپ كەتسە، توپ كىرگەن

ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئويۇن قوراللىرى**

چوماق توپ ئويۇنىدا، ياغاچ چوماق بىلەن يىپ توپ ئويۇن قورالى قىلىنىدۇ.

چوماق: بۇ ئەگرى باشلىق تاياق بولۇپ، كۆپىنچىسى جەينەك باشلىق چوماق (يەنى يەتتە رەقىمى) شەكلىدە، قىسمەنلىرى ئەگرى باشلىق ھاسا شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇچى «دەستە» دېيىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 60 ـ 80 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قىسقا ئۇچى «چوماق بېشى» دېيىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 12 ـ 14 سانتىمېتىر، توملۇقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. جەينەك باشلىق چوماقنىڭ قىسقا بېشى تۈز بولۇپ، چوماق دەستىسى بىلەن تەخمىنەن 100 گرادۇسلۇق كەڭ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ، ئەگرى باشلىق چوماقنىڭ قىسقا بېشى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئېگىلگەن بولىدۇ.

چوماق تايىقى ئۆرۈك، ئۈجمە، تېرەك، تۇخۇمەك قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ مۇۋاپىق توملۇقتىكى شاخلىرىدىن ياسىلىدۇ. جەينەك باشلىق چوماق يۇقىرىقى دەرەخلەرنىڭ تەبىئىي كەڭ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ئۆسكەن شاخلىرىنى مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا كېسىۋېلىپ، قوۋزاقلىرىنى سويۇپ تاشلاپ، كۆزلەپ سىلىقلاپ ياسىلىدۇ. ھاسا باشلىق چوماق تۇخۇمەك، ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ مۇۋاپىق توملۇقتىكى ھۆل شاخلىرىنىڭ بىر ئۇچىنى قوقاسقا كۆمۈپ قىزىتقاندىن كېيىن، ئېگىپ يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن قۇرۇتۇپ ياسىلىدۇ.

جەينەك باشلىق چوماق توپنى ئۇرۇپ يىراققا ھەيدەش، توپنى ئۆز كۆمەكچىلىرى ئارىسىدا ئۇزىتىپ (پاس بېرىپ) ئېلىپ مېڭىشقا ئەپچىل، ئەمما توپنى يورغىلىتىپ ئېلىپ مېڭىشتا ھاسا باشلىق چوماققا يەتمەيدۇ؛ ھاسا باشلىق چوماق قارشى كۆمەكتىكىلەردىن توپنى ئېلىپ تارتىۋېلىش ۋە يورغىلىتىپ ئېلىپ مېڭىشقا ئەپچىل، ئەمما توپ ئۇرۇشتا توپقا تەگمەي قېلىش ياكى توپنى قىڭغىر ئۇرۇپ قويۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى چوماق ئويۇنىدا، قايسى خىل چوماق ئىشلىتىشكە قارىتا مۇقىم تەلەپ يوق، ھەركىم ئۆزى ياقتۇرىدىغان چوماقنى ئىشلىتىپ ئوينىسا بولۇۋېرىدۇ.

توپ: بۇ بۆز يېپتىن شار شەكلىدە يۆگەپ ياسىلىدىغان توپ بولۇپ، چوماق ئارقىلىق ئۇرۇپ ياكى يورغىلىتىپ ھەيدەپ، «ئۆي»گە كىرگۈزۈش ئارقىلىق نومۇر ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. دىيامېتىرى بەش-ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى بېشىدىكى مەركىزىي نۇقتىسىدىن (قۇتۇپ نۇقتىسىدىن) ئۆتكۈزۈپ، ئىككى ياكى ئۈچ قاتار قۇۋۇرغا يىپ يۆگىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توپنىڭ سىرتقى يۈزىدە تۆت ياكى ئالتە دانە ئوقباش تىلىمچە شەكىللىك «كۆز» ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن توپنىڭ قورساق قىسمىنى ئايلاندۇرۇپ بىر قاتار قۇۋۇرغا يىپ يۆگىلىدۇ. نەتىجىدە، توپنىڭ سىرتقى يۈزى سەككىز ياكى 12 دانە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك تەڭداش بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ، بۇ بۆلەكلەرنىڭ ھەر بىرسى بىر «كۆز» ھېسابلىنىدۇ.

توپنىڭ سىرتى كۆپىنچە كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن ياكى ھەر بىر كۆزى ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى يىپلار بىلەن تورلاپ كەشتىلىنىدۇ، بۇنىڭدا توپنىڭ كۆركەملىكى ۋە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىپلا قالماي، ئويۇن داۋامىدا توپنى پەرق ئېتىشكە ئاسانلىق يارىتىشمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**3. كۆمەك (كوماندا) تەشكىللەش ۋە توپ باشلاش**

چوماق توپ كوللېكتىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، ئويۇن قاتناشچىلىرى ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە ئىككى كۆمەككە ئايرىلىدۇ:

ئىختىيارىي ھالدا كۆمەككە ئايرىلىش: ئىختىيارىي ھالدا چوماق توپ ئويناشتا، تۆتتىن ئارتۇق ئادەم بولسىلا بولىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىختىيارىي بويىچە ئىككى كۆمەككە ئايرىلىپ، خالىغان ۋاقىتقىچە ئوينايدۇ.

رەمباتلىشىپ كۆمەككە ئايرىلىش: بىر مەھەللە، بىر كەنتتىكى كىشىلەر ئىككى كۆمەككە ئايرىلىپ بەسلىشىپ ئويناماقچى بولغاندا، كۆپچىلىك چوماق توپ ئويناشقا ماھىر، شۇنداقلا تەشكىللەشكە پەملىك بولغان ئىككى كىشىنى كۆمەك بېشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشى رەمباتلىشىپ ئەزا تاللايدۇ.

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىككى نەپەر كۆمەك باشلىقى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ، سول بىلىكىنى دولىسى بىلەن بىر تۈز سىزىققا كەلتۈرۈپ سۇنۇپ تۇرغان ھالدا، ئوڭ ئالقىنىدا چوماقنىڭ گېلىدىن تۇتۇپ، سول قولتۇقى ئاستىدىن سىرتقا چىقىرىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا بىر كىشى توپنى چوماقنىڭ چوققىسىغا ئۇدۇللاپ تاشلاپ بېرىدۇ، كۆمەك باشلىقى چوماقنىڭ چوققىسى ئارقىلىق توپنى

MIRAS

ئارقا ـ ئارقىدىن قاڭقىتىپ ئۇرىدۇ، كىم كۆپ ئۇرغان بولسا، شۇ كىشى 1 ـ كۆمەك باشلىقى بولۇپ، ئاۋۋال ئەزا ۋە مەيدان تاللاش هوقۇقىغا ئېرىشىدۇ، بۇ چاغدا 1 ـ كۆمەك باشلىقى 2 ـ كۆمەك باشلىقىغا قاراپ:

— رەمبات! — دەيدۇ (بۇ ئەزا تاللايمەنمۇ؟ دېگەنلىك بولىدۇ). 2 ـ كۆمەك باشلىقى:

— سىزگە كىم بات؟ — دەپ سورايدۇ (بۇ كىمنى تاللايسىز؟ دېگەنلىك بولىدۇ).

بۇ چاغدا 1 ـ كۆمەك باشلىقى:

— ماڭا پالانى بات! — دەپ شۇ يەرگە يىغىلغانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ماهىر بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىدۇ (بۇ پالانىنى تاللىدىم دېگەنلىك بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئىسمى چاقىرىلغان كىشى 1 ـ كۆمەكنىڭ ئەزاسى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 2 ـ كۆمەك باشلىقى «رەمبات!» دەيدۇ ۋە يۇقىرىقى سوئال ـ جاۋاب تەرتىپى بويىچە، قېپقالغان كىشىلەر ئىچىدىن ماهىرراق بىرسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، 1 ـ ئەزانى تاللىۋالىدۇ. رەمباتلىشىش مۇشۇ يوسۇندا داۋاملاشتۇرۇلۇپ، يېتەرلىك ساندا ئەزا تاللىنىپ، ئىككى كۆمەك تەشكىللىنىدۇ.

رەسمىي يوسۇندا (بەسلىشىش خاراكتېرىدە) چوماق توپ ئويناشتا، هەر بىر كۆمەكنىڭ ئەزا سانى كەم بولغاندا بەش نەپەر بولىدۇ، يۇقىرىسى سەككىز ـ توققۇز نەپەرگە قەدەر بولىدۇ، گەرچە ئەزا سانىغا قارىتا مۇقىم چەك بولمىسىمۇ، ئىككى كۆمەكتىكى ئەزا سانى تەڭ بولىدۇ.

ئۆز ئالدىغا كۆمەك تەشكىللەپ بەسلىشىپ ئويناش: كەنت بىلەن كەنت، يېزا بىلەن يېزا ئارىسىدا بەسلىشىپ چوماق توپ ئويناماقچى بولغاندا، ئۇلار ئارىسىدا رەمباتلىشىپ ئەزا تاللاش بولمايدۇ، بەلكى هەر ئىككى تەرەپ «كۆمەك ئەزاسى مانچە نەپەردىن بولىدۇ» دەپ كېلىشكەن بويىچە ئۆز ئالدىغا كۆمەك تەشكىللەيدۇ ۋە كۆمەك باشلىقىنى بېكىتىدۇ.

توپ ئويناشنى باشلاش: قايسى خىل ئۇسۇلدا كۆمەك تەشكىللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئويۇن باشلاشتا ئىككى نەپەر كۆمەك باشلىقى ئوڭ قولىدىكى چوماقنى سول قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن سىرتقا چىقىرىپ، چوماقنىڭ چوققىسى ئارقىلىق توپ قاڭقىتىشتا كۆپ نومۇرغا ئېرىشكەن تەرەپ مەيداننىڭ خالىغان تەرىپىنى تاللاش هوقۇقى ۋە ئاۋۋال توپ باشلاش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

مەيدان تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن، توپ باشلاش هوقۇقىغا ئېرىشكەن كۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى توپنى ئۆزدىنىڭ «ئۆيى»دىكى پاسىل سىزىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ «ئۆيى» تەرەپكە قارىتىپ چوماق بىلەن ئۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توپ ئويناش باشلىنىپ كېتىدۇ.

### 4. چوماق توپ ئويناشتىكى ئاساسىي قائىدىلەر

چوماق توپ ئويناشتا، توپنى تىزگىنلەۋاتقان كۆمەكنىڭ ئەزالىرى چوماق بېشى ئارقىلىق توپنى يورغىلىتىپ مېڭىش، توپنى چوماق بېشى بىلەن ئۇرۇپ پايدىلىق ئورۇندا تۇرغان بۇرادەرلىرىگە ئۆزىتىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ توسقۇنلۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ توپ كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ؛ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان كۆمەك ئەزالىرى قارشى تەرەپ ئەزالىرىغا توسقۇن بولۇش، ئۇچۇپ ياكى يورغىلاپ كېلىۋاتقان توپنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق توپنى تىزگىنلەش ۋە كىرگۈزۈشكە هەرىكەت قىلىدۇ.

چوماق توپ ئويناشتا كۆپچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ۋە رىئايە قىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم قائىدىلەر بارلىققا كەلگەن.

1) توپ كىرگۈزۈش: مەلۇم كۆمەك ئەزالىرى تەرىپىدىن چوماق ئارقىلىق ئۇرۇلغان توپ قارشى تەرەپنىڭ پاسىل سىزىقتىكى «ئۆي»نىڭ ئىككى چېتىگە قويۇلغان بەلگە ياكى قوزۇق ئارىسىدىن ئۆتۈپ پاسىل سىزىق سىرتىغا چىقىپ كەتسە، شۇ كۆمەك بىر توپ كىرگۈزگەن هېسابلىنىدۇ. توپ مەيلى ئۇچۇپ كەلگەن بولسۇن ياكى يەر يۈزىدە دومىلاپ كەلگەن بولسۇن، «ئۆي» ئىچىدىكى پاسىل سىزىقتىن چىقىپ كەتسىلا، توپ كىرگەن هېسابلىنىدۇ. لېكىن بەدەنگە تېگىپ قاڭقىپ كەتكەن ياكى تېپىپ كىرگۈزۈلگەن توپ ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

2) قورۇقچى (بېك) قويماسلىق: توپ ئويناۋاتقان هەر ئىككى كۆمەك ئۆز «ئۆي» ى ئالدىدا قارشى تەرەپ هەيدەپ كەلگەن توپنى توسۇپ تۇرىدىغان قورۇقچى بېكىتمەيدۇ. قارشى تەرەپ توپنى هەيدەپ كەلگەندە، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۆز «ئۆي» ى ئەڭ يېقىن تۇرغان ئەزاسى تەبىئىي هالدا ئۆز «ئۆي» ى ئالدىغا قايتىپ قورۇقچىلىق قىلىدۇ.

3) دو كېتىش (توپ ئويناش هوقۇقى ئۆتۈپ كېتىش): چوماق توپ ئويناش داۋامىدا تۆۋەندىكى ئەهۋاللار يۈز بەرگەندە دو كېتىدۇ، يەنى توپنى ئويناش هوقۇقى شۇ ئىشنى سادىر قىلغان كۆمەكتىن قارشى تەرەپ كۆمەككە

ئۆتۈپ كېتىدۇ.

(1) چوماق ئارقىلىق قارشى كۆمەكنىڭ ئەزاسىنى قەستەن ئۇرسا ياكى پۇتىغا ئىلمەك سېلىپ يىقىتىۋەتسە؛

(2) ئۇرغان ياكى يورغىلىتىپ ھەيدەپ كەلگەن توپنى «ئۆي» سىرتىدىكى ھەرقانداق پاسىل سىزىقتىن سىرتقا چىقىرىۋەتسە؛

(3) توپنى تۇتۇۋالسا ياكى تېپىپ ئوينىسا؛

(4) مەلۇم كۆمەك توپ كىرگۈزسە؛

4) دو كەتكەن ۋاقىتتا توپ ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلى:

(1) بىر كىم قارشى تەرەپنىڭ ئەزاسىنى چوماق بىلەن ئۇرغان ياكى چوماق بىلەن ئىلىپ يىقىتىۋەتكەن، توپنى تۇتۇۋالغان ياكى تېپىپ ئوينىغان سەۋەبتىن دو كەتكەن چاغدا، دو كەلگەن كۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى توپنى شۇ ئىش يۈز بەرگەن جايدا قويۇپ ئۆز كۆمىكىنىڭ «ئۆي» ى تەرەپكە ئۇرىدۇ.

(2) توپنى مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى پاسىل سىزىقتىن چىقىرىۋېتىش سەۋەبىدىن دو كېتىپ قالغاندا، دو كەلگەن كۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى توپنى توپ چىقىپ كەتكەن يەردىكى پاسىل سىزىققا قويۇپ ئۆزىنىڭ مەيدانى تەرەپكە ئۇرىدۇ.

(3) مەلۇم كۆمەك توپ كىرگۈزگەنلىك سەۋەبىدىن دو ئالماشقاندا، دو كەلگەن كۆمەكنىڭ ئەزاسى توپنى توپ كىرگەن «ئۆي»دىكى پاسىل سىزىق ئۈستىگە قويۇپ ئۆزىنىڭ مەيدانى تەرەپكە ئۇرىدۇ.

چوماق توپ ئويۇنى بىر قەدەر قىيىن، رىقابەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، قاتناشقۇچىلارنىڭ بەدەن ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇن كىشىلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، يۈگۈرۈش ئىقتىدارى، كۆزىتىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، چەبدەسلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، كوللېكتىپ ھەمكارلىقنى قەدىرلەش روھىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە.

چوماق توپ ئويۇنى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كەلگەن. يېزا ئىگىلىكىدە كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پەيدىنپەي ئازىيىپ، 1960 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەن.

يېقىنقى يىللاردا يېزىلاردا ئاممىۋى تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم جايلاردا چوماق توپ ئويۇننى ئويناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئويۇن قائىدىلىرىنىمۇ مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىنىپ، ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىشقا يېتەكلىدى. شۇنداقتىمۇ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار تەشكىللىگەندىلا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكىدەك كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ چوماق توپ ئوينايدىغان ھالەت يوق.

## غىچىرتاق ئويۇنى

بۇ ئوغۇل ئۆسمۈرلەرگە خاس بولغان، «ئۇچۇپ» ئوينايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، «غىچىرتاق» دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ قۇرۇلما ئويۇن قورالى قىلىنىدۇ.

غىچىرتاق ــ دىيامېترى 10 ـ 12 سانتىمېتر كېلىدىغان بىر تال ئوق (پاچاق) ياغاچ ۋە تومۇلۇقى ئوق ياغاچ بىلەن ئوخشاش، ئۇزۇنلۇقى 3 ـ 3.5 مېتىر كېلىدىغان بىر تال قانات ياغاچتىن تەركىب تاپىدۇ، ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچى ئۇچلىنىپ يۇمىلاق ئەركەك تۇرۇم چىقىرىلىدۇ، تۇرۇمى يۇقىرىغا قارىتىلىپ، يەنە بىر ئۇچىدىن 50 ـ 60 سانتىمېتىر قىسمى يەر يۈزىگە تىك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ كۆمۈپ مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ، ئوقنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

قانات ئۇچۇن تۈز، چىداملىق، يۇمىلاق ياغاچ تاللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئەركەك تۇرۇمغا دەل كېلىدىغان چىشى كور تۇرۇم تېشىلىدۇ، ئويناش ۋاقتىدا قانات ياغاچنىڭ كور تۇرۇمى ئوق ياغاچنىڭ ئەركەك تۇرۇمىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئوقنىڭ ئۈستىگە كۆندىلەڭ ھالەتتە قويۇلىدۇ، نەتىجىدە ئوق ۋە قانات ياغاچلار پەغەز (T) شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ قۇرۇلما «غىچىرتاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

غىچىرتاق ئۇچۇش ۋاقتىدا پەغەز ياغاچنىڭ ھەر بىر ئۇچىغا بىر نەپەردىن ئۈچ نەپەرگىچە ئۆسمۈر بالا قورسىقى بىلەن ئارتىلىپ، قولىدا ياغاچنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. قاناتنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئارتىلغان بالىلار بىر خىل يۆنىلىشتە (غىچىرتاقنىڭ ئا تەرىپىدىكى بالىلارنىڭ بېشى غەربكە قارىغان بولسا، ب تەرىپىدىكى بالىلار شەرققە قارىغان ھالەتتە) ئارتىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئورنىنى تەگشەش ئارقىلىق غىچىرتاقنىڭ ئىككى قانىتىدىكى ئېغىرلىقنىڭ ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

بۇ چاغدا غىچىرتاقنىڭ بىر تەرىپىدىكى باللار تاپىنـ
ـنىڭ ئۇچى ئارقىلىق يەرگە كۆچەپ تېپىدۇ. باللارنىڭ
يەرگە تېپىش ھەرىكىتى غىچىرتاقنىڭ قانىتىنى ھەم قاڭقىش
كۆچىگە، ھەم ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇ ـ
نىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا، غىچىرتاقنىڭ يەنە بىر قانىتىدىكى
باللار يەرگە تېپىدۇ، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىـ
ـنىشى نەتىجىسىدە، غىچىرتاقنىڭ قانىتى ئوقنى مەركەز قىلىپ
ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە بارغانسېرى تېز ئايلىنىدۇ.

قاناتنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بەلگىلىك تېزلىككە يەتـ
ـكەندە باللار پۇتلىرىنى يىغىۋېلىپ، يەرگە تېپىشتىن توختـ
ـتايدۇ. ئەمما، قانات ئىنېرتسىيە كۈچى تەسىرىدە مەلۇم ۋاـ
ـقىتقىچە داۋاملىق ئايلىنىدۇ، بۇ چاغدا باللار ئاسماندا
ئۇچقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. قاناتـ
ـنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالغاندا، باللار يەرگە
تېپىشنى قايتا داۋاملاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئويۇن مۇشۇ تەرتـ
ـىپتە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

غىچىرتاق مەلۇم بېسىم بىلەن ئايلانغاندا ئەركەكـ
ـچىشى تۇرۇملارنىڭ سۈركىلىشى نەتىجىسىدە، «غىچىر ـ
غىچىر» قىلغان ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئاۋازنى پەسەيـ
ـتىش ئۈچۈن، ئەركەك ـ چىشى تۇرۇملار ياڭاق مېغىزى
ياكى شاپتۇل مېغىزى ئارقىلىق ياغلاپ قويۇلىدۇ. شۇنداقـ
ـتىمۇ قاناتنىڭ ئايلىنىش تېزلىكىنىڭ ئېشىشى ۋە ئەركەكـ
ـچىشى تۇرۇملارنىڭ سۈركىلىپ قىزىشىغا ئەگىشىپ، غىچىر ـ
لاش ئاۋازى كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ قۇرۇلما دەل مۇشۇ
سەۋەبتىن «غىچىرتاق» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭغا ئارتىلىپ
ئۈچۈپ ئوينايدىغان ئويۇن «غىچىرتاق ئويۇنى» ياكى
«غىچىرتاق ئۈچۈش» دەپ ئاتالغان.

غىچىرتاق ئويۇنى باللارنىڭ «ئاسماندا ئۈچۈش»
ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان كۆڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چېنىقتۇرىدۇ، كوللېكتىپ ھەرىكەتـ
ـتە ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە قورقۇمسىزلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

غىچىرتاق ئويۇنى يېزىلارغا تارقالغان بولۇپ، 1950 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

## ئوردا كاتەك ئويۇنى

بۇ ئوغۇل ـ قىز ئۆسمۈر باللارغا ئورتاق بولغان بىر
خىل ئويۇن بولۇپ، قاتتىق يەردىن 10 سانتىمېتىرچە چوڭـ
ـقۇرلۇقتا، سىڭار مۇشت چوڭلۇقىدىكى بىر كىچىك كاتەك
كولىنىدۇ. بۇ كاتەك «ئوردا» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ تۆت تەرتـ
ـىپىگە بىردىن 40 سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى كىچىك ئېرىقـ
ـچە كولىنىدۇ، ئۆرۈك ئۈچكىسى مۇشۇ ئېرىقچىلاردىن ئورـ
ـدىغا كىرگۈزۈپ ئوينايدىغان ئويۇن قورالى قىلىنىدۇ.

ئويناش ۋاقتىدا بار بولغان ئادەم سانىغا قاراپ ئىكـ
ـكىدىن تۆتكىچە بالا بىردىن ئېرىقنى ئىگىلەپ، ھەر بىرسى
بەش داندىن ئۆرۈك ئۈچكىسنى ئۆز ئېرىقىغا تۆت ـ بەش
سانتىمېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇپ قاتار تىزىدۇ.

ئويۇن باشلانغاندا باللارنىڭ بىرسى بىگىز بارمىقى
ئارقىلىق، ئۆز ئېرىقىدىكى ئوردا كاتىكىگە ئەڭ يېقىن
تۇرغان ئۈچكىنى ئوردىغا قارىتىپ چېكىدۇ، ئۈچكە ئورـ
ـدىغا چۈشسە، قالغان ئۈچكىلەرنى داۋاملىق چېكىدۇ، ھەرـ
ـقانداق سەۋەبتىن ئۈچكە ئوردىغا چۈشمەي قالسا، دو كېـ
ـتىدۇ، ئۈچكە چېكىش نۆۋىتى ئىككىنچى بالىغا ئۆتىدۇ.

ئۈچكە چېكىش داۋامىدا قايسى بالا ئۆزىنىڭ بارلىق
ئۈچكىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئوردىغا كىرگۈزۈپ بولسا،
شۇ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئوردىغا چۈشكەن بارلىق ئۈچـ
ـكىلەر شۇنىڭ بولىدۇ، ئاندىن قايتىدىن ئۈچكە تىزىپ
ئويۇن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

بۇ ئويۇن بارماقلارنىڭ نازۇك ھەرىكەت ئىقتىدارـ
ـنى چېنىقتۇرىدۇ، باللارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى كۈـ
ـچەيتىپ زېھنىنى ئاچىدۇ، بۇ ئويۇن ئۆرۈك پىششىقى مەزـ
ـگىللىرىدە كۆپ ئوينىلىدۇ.

## غۇررەك ئويۇنى

بۇ ئوغۇل باللارغا خاس بولغان ئويۇن بولۇپ،
«غۇررەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئويۇنچۇق ئويۇن قورالى
قىلىنىدۇ. «غۇررەك» ــــ ياڭاق، ئىنچىكە ئوق ياغاچ ۋە
بۆز تاناپتىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ.

غۇررەك ياساش: بىر دانە ياڭاق ئىككى پارچە قىلىـ
ـنىدۇ، ياڭاق مېغىزى ۋە پاسىل پەردىلىرى پاكىز ئېلىپ
تاشلىنىدۇ. ئىككى پارچە شاكالنىڭ قورساق قىسمىنىڭ
دەل ئوتتۇرىسىدىن چوكا ئوق ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىك
تۆشۈك تېشىلىدۇ، بىر پارچە شاكالنىڭ يان قىرغىقىغا يېقىن
يەردىن ئىككى مىللىمېتىر چوڭلۇقتا تاناپ تۆشۈكى تېشىلىـ
ـدۇ، يۇلغۇن ياكى ئۆرۈكنىڭ دىيامېتىرى ئۈچ ـ تۆت مىلـ
ـلىمېتىر كېلىدىغان تۈز، قۇرۇق شاخلىرىدىن 10 سانتىمېتىر
ئۇزۇنلۇقتىكى چوكا كېسىۋېلىنىپ، پوستى قىرىپ سىلىقلىـ
ـنىپ، «ئوق» ياسىلىدۇ.

تېرەك ياغىچىنىڭ تارىشىسىنى يونۇپ، ئۇزۇنلۇقى
بەش سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر ـ
ئىككى مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولغان ئىككى دانە قانات ياـ
ـسىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئوقنىڭ
توملۇقىغا ئوخشاش چوڭلۇقتا تۆشۈك تېشىلىدۇ.

بىر نەچچە بۆز يىپتىن 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىنچىكە، پىششىق تاناپ ئېشىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، تاناپنىڭ بىر ئۇچى ئوقنىڭ ئۈستۈنكى ئۇچىتىن بىر قىسىم كېلىدىغان جايىغا چىڭ باغلىنىدۇ. يەنە بىر ئۇچى شاكالدىكى تاناپ تۆشۈكىدىن سىرتقا چىقىرىلىپ، ئاخىرقى ئۇچىغا ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە چوكا باغلىنىدۇ، ئوق چوكىسىنىڭ ئىككى ئۇچى ھېلىقى ئىككى پارچە ياغاچ شاكىلىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقنىڭ تاناپ باغلانغان جايىغا كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئىككى پارچە شاكال يېلىم بىلەن يەملەپ قۇرۇتۇپ چىڭ تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئوقنىڭ ئۈستۈنكى ئۇچىغا ئىككى تال قانات چىلەك كەلتۈرۈپ چىڭ سىيلىنىدۇ (مېغىزى ئېلىنمىغان بىر تال ياغاچنىڭ قورسىقىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئوقنىڭ ئۈستىگە قانات ئورنىدا بېكىتىلسىمۇ بولىدۇ). بۇنىڭ بىلەن بىر تال غۇررەك پۈتۈپ چىقىدۇ.

غۇررەك ئويناشتا، غۇررەك سول قول ئارقىلىق كۆكرەككە ئۇدۇللاپ تۇتۇلىدۇ. ئوڭ قول ئارقىلىق ئوق ئايلاندۇرۇلىدۇ، بۇ چاغدا ئوققا باغلانغان تاناپ شاكال ئىچىدە ئوق تېنىگە يۆگىلىدۇ، ئاندىن تاناپ ئۇچى تېز سۇرئەتتە سىرتقا تارتىلسا، ئوق ۋە قانات ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ، تاناپ سىرتقا چىقىپ بولاي دېگەندە، تارتىش توختىتىلىپ بوش قويۇپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوق ۋە قاناتنىڭ ئىنېرتسىيە كۈچى نەتىجىسىدە، تاناپ ئوق گەۋدىسىگە بۇرۇنقىغا قارشى يۆنىلىشتە يۆگىلىدۇ، تاناپ يۆگىلىپ بولاي دېگەندە، تاناپ ئۇچى يەنە سىرتقا تارتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە، قاناتلار بىر ئوڭ، بىر تەتۈر يۆنىلىشتە ئۈزلۈكسىز ئايلىنىدۇ ۋە «غۇر ـ غۇر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدۇ، دەل شۇ سەۋەبتىن بۇ ئويۇنچۇق «غۇررەك» دەپ، بۇ ئويۇن «غۇررەك ئويۇنى» دەپ ئاتالغان.

غۇررەكنى ياساش ئانچە ئاسان بولمىسىمۇ، بۇ ئويۇن باللارنى بەك قىزىقتۇرىدۇ، بۇ باللارنىڭ قولىنىڭ ئەپچىللىكىنى ئاشۇرۇش، زېھنىنى ئېچىش، ئىجادىيەت ئېڭىنى ئويغىتىش رولىغا ئىگە.

## يىپ توپ ئويۇنى

بۇ ھەر خىل رەڭلىك يىپلار ئارقىلىق چىرايلىق كەشتىلەنگەن مۇشت چوڭلۇقىدىكى يىپ توپنى ئۆرە تۇرۇپ قاتتىق يەرگە مۇشتلاپ قاڭقىتىپ، ئۆرلەپ چىققاندا يەنە مۇشتلاپ قاڭقىتىپ ئوينىلىدىغان، ئۆسمۈر قىزلارغا خاس بولغان ئويۇندۇر، بۇ ئويۇن ئادەتتە «يىپ توپ ئويۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يىپ توپ ئويۇنى ئويناشتا، «ساناق توپ ئويۇنى» ۋە «بېيىت توپ ئويۇنى»دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئويناش ئۇسۇلى شەكىللەنگەن. ساناق توپ ئويۇنىنى يالغۇز ئويناشقىمۇ، گۇرۇپپىلىشىپ ئويناشقىمۇ بولىدۇ، بېيىت توپ ئويۇنىنى يالغۇز ئويناشقىمۇ، بىر قانچە بالا نۆۋەت بىلەن ئويناشقىمۇ بولىدۇ.

يىپ توپ ئويۇنى ئوينىغاندا، قاڭقىتىپ ئوينىلىۋاتقان توپ قېچىپ كەتسە ياكى يېتىۋالسا دو كېتىدۇ. گۇرۇپپىلىشىپ ئوينىغاندا ئىككى گۇرۇپپىدىكى ئادەم سانى تەڭ بولىدۇ، بىر گۇرۇپپىدىكىلەر توپ ئويناۋاتقاندا، شۇ گۇرۇپپىدىكى 1 ـ ئەزا دو كەتكۈزۈپ قويسا، 2 ـ ئەزا داۋاملاشتۇرۇپ ئوينايدۇ... شۇ گۇرۇپپىدىكى ئاخىرقى ئەزادىن دو كەتكەندە، نۆۋەت ئىككىنچى گۇرۇپپىغا ئۆتىدۇ، ئۇلارمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئوينايدۇ.

1. ساناق توپ ئويناش: بۇ بىر تەرەپتىن، توپ قاڭقىتىپ، بىر تەرەپتىن، قاڭقىتىلغان توپ سانىنى ئۈنلۈك ساناپ ئويناش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا « 50» ئەڭ چوڭ ساناق بىرلىكى قىلىنىدۇ. يەنى توپنىڭ قاڭقىتىلغان قېتىم سانى سانىلىپ 50 كە يەتكەندە، «بىر 50» تاماملىنىپ، يەنە بىردىن باشلاپ «ئىككىنچى 50» سانىلىدۇ، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى گۇرۇپپا «بەش 50 ئوينايمىز» ياكى «سەككىز 50 ئوينايمىز» دېگەندەك، قانچە 50 ئويناش ھەققىدە كېلىشىۋالىدۇ، «ئون» 50 ئويناشقا كېلىشكەن بولسا، ھەر بىر گۇرۇپپا جەمئىي ئون قېتىم 50 (10×50=500) قېتىم توپ قاڭقىتىدۇ، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ قاڭقىتقان توپ سانى ئۇلاپ سانىلىدۇ، يەنى بىر گۇرۇپپىدىكى بىرىنچى بالا 38 قېتىم توپ قاڭقىتىپ بولغاندا دو كەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئىككىنچى بالا قاڭقىتقان توپ 39 دىن باشلاپ سانىلىدۇ، قايسى گۇرۇپپا ئومۇمىي سانىنى ئاۋۋال توشقۇزسا، شۇ گۇرۇپپا يەڭگەن بولىدۇ.

2. بېيىت توپ ئويناش: بۇ بىر تەرەپتىن، توپ قاڭقىتىپ، بىر تەرەپتىن، ئۈنلۈك ئاۋازدا بېيىت ئوقۇپ ئويناش ئۇسۇلىدۇر. ھەر بىر بالىغا نۆۋەت كەلگەندە، توپ قاڭقىتقاچ، ئۆزى بىلگەن بېيىتلارنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. بېيىت ئوقۇش داۋامىدا ساناق سانالمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتە بىر مىسرا بېيىت ئوقۇپ بولغىچە تۆت قېتىم توپ قاڭقىتىلىدۇ، بېيىت مىسرالىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمايدىغانلىقتىن، ماھارەتكە پىششىق بولغان

قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مىسرالارنى ئوقۇغاندا توپنى ئېگىز ئۆرلە- تىپ ئاستا ئۇرۇش، ئۆرلەپ چىققان توپنى دەرھال ئۇرماي، قولنىڭ دۈمبىسىدە توختىتىپ ئاستا سىرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۇرۇش، قىسقا مىسرالارنى ئوقۇغان- دا، تېز ئۇرۇپ تېز ساناش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق توپ ئويناش بىلەن بېيىت ئوقۇشنى ئىنتايىن ئەپچىل بىر- لەشتۈرىدۇ.

يىپ توپ ئويۇننى كۆرۈپىلىشىپ ئوينىغاندا، ئاۋۋال ساناق توپ ئويناپ، ئاندىن بېيىت توپ ئويناشنى بىرلەشتۈرۈپ ئويناش ئۇسۇلمۇ بار.

يىپ توپ ئويۇنى ئاددىي، ئەمما ناھايىتى ئەھمىيەت- لىك ئويۇندۇر. بۇ ئويۇن ئۆسمۈر قىزلارنىڭ ئۆپكە، قول ۋە كۆزنى چېنىقتۇرىدۇ؛ ساناق ساناش، سانلارنى قوشۇش، بېيىت يادلاش، ئەستە ساقلاش، دىككاتىسىيە قىلىش ئىقتىدارنى ئاشۇرىدۇ؛ بېيىت توقۇشقا تۈرتكە بولۇش، زېھىننى ئېچىش رولىنى ئوينايدۇ.

چىم- چىم

چىم- چىم، چىما- چىم،
سۇنى پۇلغا ساتقان كىم؟
سۇنى پۇلغا ساتقىنى،
دوغاپچىنىڭ چوڭ قىزى،
مۇزخانىدىن ئالغاندەك،
مىجەزى چۇس، توڭ قىزى
چىمكى- چىمامكى؟
ئۇسسىغاندا ئىچكىلى،
بىزگىمۇ سۇ بامكى؟
دوغاپچىنىڭ قىزىدا،
مېھرى- ۋاپا بامكى؟
مېھرى- ۋاپا بولمىسا،
قىز ئۇنى نەدىن تاپا؟
قىز ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ،
باغدىن بىر گۈلنى ئىگە.
ئاخىر باغ باققۇچى،
موللىقۇۋان تازغا تېگە.
موللىقۇۋان تازنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتە- يەتتە قۇشى بار.
قۇشلايلى- يا، قۇشلايلى،
تاز كاللىسىغا مۇشتلايلى.
تاز كاللىسى قانىسا،
قىزىل يىپتا يامايلى.

ئاچچىقى يامان زاغۇن تاز،
گەپ ئاڭلىماس گاژگۇن تاز،
خوتۇنۇڭ بىلەن ئۆيدە قال،
بىزلە ئاستا يانايلى.

سىكىنە

سىكىنەيۇ سىكىنە
قىرىق كۇكۇلۇڭ قېنە؟
سىكىنەمگە توي كېپتۇ.
دولان قۇيرۇق قوي كېپتۇ.
قوينى ھەيدەپ دۆڭنەمگە،
ئېلىپ كېپتۇ مەللەمگە.
مەلىدىكى قىزچاقلار،
تاشلىشىپتۇ چاقچاقلار.
قوينى سانالڭ ۋاقتىدا،
خېمىر كېسىلڭ تاختىدا،
كىممۇ تېگىدۇ ئەگە؟
نارەسىدە ۋاقتىدا.
كۇكۇلۇڭغا قاراپ قوي،
كەل ئاداشىم ئويناپ قوي.

پات قۇرۇلڭ

گۈلدۈر- گۈلدۈر- گۈلدۈركەن،
يامغۇر يېغىپ ئۈلگۈرگەن.
يامغۇر شار- شار كەتكەندە،
يېتىپ كەلدىم ئۆستەڭگە.
سۇغا چۈشتى ئۆدىكىم،
ھۆل بولۇپتۇ كۆڭلىكىم.
تىترىدىم، شۈمشەيدىم،
ئېگىلىپ قالدىم، مۈكچەيدىم.
ئۆيگە پاتراق بارمىسام،
ئانامغا يالۋۇرمىسام،
ئاچچىقلايدۇ ئانىكام.
پاتراق قۇرۇلڭ كۆڭلىكىم.
پات قۇرۇلڭ پات،
پات قۇرۇلڭ پات.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئاپتورنىڭ زىيارەت خاتىرىلىرى.

2. چىرا ناھىيەلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۇپلاملىرنى تۈزۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇر- غان: «جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى: چىرا خەلق قوشاقلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال).

(ئاپتور: خوتەن شەھەرلىك جەنۇبىي 2- ئايلانما يول 305- خەت ساندۇقى)



# ئۇيغۇرلاردا ئاق قوناق تېرىقچىلىقى

ئابدۇكېرىم تۇردى

ئاق قوناق تېرىقچىلىقى دىيارىمىزنىڭ يېزا - قشلاق-
لىرىدا قەدىمدىن بۇيان تېرىپ كېلىۋاتقان ھەم ئىستېمال
قىلىنىۋاتقان دانلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرى ئاق قوناق زىرا-
ئەت تېرىقچىلىقىدۇر.

ئاق قوناقنىڭ مول ھوسۇللۇقى، باش تارتىشى، دان
تۇتۇشى، ئوزۇقلۇق قىممىتى، سىڭىشچانلىقى، مىجەز تەڭ-
ششى، كۈچ - قۇۋۋىتى، رەڭگى، ئۆسۈشى، تەبىئىي ئا-
پەتكە چىداملىقى، ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىقى، شاخ - شۇم-
بىلىرىنىڭ چارۋا باقمىچىلىقىدىكى پايدىسى قاتارلىق ئالا-
ھىدىلىكىگە قاراپ ئۇنى پوڭكا قوناق، ئىلمەك قوناق،
قوشۇقلۇق باش قوناق، دىڭباش قوناق (يەم خەشەك) قا-
تارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئاق قوناق ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئېھتى-
ياجلارنىڭ بىرى. ئاق قوناقنىڭ تامىقى ئىسسىققا مايىل
بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ
كەلگەن ۋە ھازىرغىچە تېرىپ كېلىۋاتقان دانلىق زىرائەت-
لەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاق قوناق
ئىنسان مىجەزىگە باب كېلىدىغان مول ھوسۇللۇق زىرا-
ئەت. شۇڭا ئاق قوناق تېرىلىدىغان يەر زەمبىل، غالتەك،
ھارۋا، تىراكتور، كەتمەن، تاغار قاتارلىق دېھقانچىلىق
سايمانلىرى بىلەن تۈزلىنىدۇ. ھەر بىر سالا - سالا ئېتىزلار-
نىڭ قىر - قاتلىرىنى سوقۇپ، ھەر بىر ئېتىزلارغا ئات،
ئېشەك، قېچىر، تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە، كەپتەر قاتار-
لىق جان - جانىۋارلارنىڭ، چارۋىلارنىڭ قىغلىرى قويۇلىدۇ.
باشقا خىلدىكى زىرائەتلەر تېرىلىدىغان ئېتىزلارغا قارىغاندا
ھەربىر مو يەرگە ئۇن نەچچە ھارۋا ئوغۇت ئارتۇق تۆ-
كۈلىدۇ ۋە ھەر بىر ياپسا ئېتىزلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
قاراپ ئىشلىنىدۇ.

يەرلىك ئوغۇتلارنى تۆككەندىن سىرت، چىرىمداد-
لىق توپا، كونا كۆچلەنگەن قۇم، كۆچلۈك ئەت توپا،
ئېقىن دەريا قاشلىرىدىكى بىر قانچە يىل ئاپتاپ يېگەن
قۇم قاتارلىقلارنى قويۇپ، سوقا (ساپان)، بوقۇرسا بىلەن
ئاغدۇرۇپ ئوبدان ئاپتاپ يېگۈزۈپ، يەرنىڭ زىيىنى قا-
چۇرۇپ، ئېتىزغا تىرنا سېلىپ چامىلىرىنى ئېزىپ، پاتاسلى-
رىنى تېرىپ ئېغىر سۆرەم بىلەن تەكشى باسۇرۇپ كەچ
كۈزنىڭ «قاردا سۇيى» ‹سوغۇق سۇيى› بىلەن يەرنى
راسا چۆچۈتۈپ سۇغا تويۇندۇرۇپ ئۇسا قىلىۋېتىلىدۇ.
ئاندىن باش باھاردا ئاق قوناق تېرىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغە-
تىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە مۇنداق ئاتالغۇلار بار:
«ساپان»: (ساپان، قوش) «ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم،
523 - بەت.

«ئاغ تاردى» (ئاغتۇردى، ئاغدۇردى، ئۇ يەر ئاغ-
دۇردى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 293 - بەت.

«تىش»: (چىش) ئادەم ۋە باشقىلارنىڭ چىش (چو-
يۇندا قويۇلغان چىش)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم 173 -
بەت.

«ئاتىسىز لاندى»: ئېتىز لاندى، يەر ئېتىز لاندى،
ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 84، 3 - بەت.

«تارىغچى»: (دېھقان)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم
333 - بەت.

«ئاماچ»: (بوقۇسا، ياغاچ ساپان)، ئۇيغۇرچە
نەشرى، 1 - توم، 73 - بەت.

«تېرىقچىلىق رىسالىسى»دە مۇنداق ئىزاھات بېرىل-
گەن: «بوقۇسا، بويۇنتۇرۇق، كەشكۈن، ھاڭغۇق، پوتلا
ياغاچ... قاتارلىق جابدۇقلارنى ھەزرىتى جەبرائىل، ئادەم
ئەلەيھىسسالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتكەن چاغدا جەننەتتىن
ئېلىپ چىققان. دېھقانچىلىق سايمانلىرى زىكرى تىلاۋەت
قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جابدۇق سايمانلارنىڭ

ئۈستىدىن ئاتلاشقا، دەسسەشكە، ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.» يەنە مۇنداق پەرھىزلەر بار: «بىر كىشى ياغاچ بوقۇسىنى كۆيدۈرسە يەنى قالىسا، بالىسىنىڭ پۇت-قولى مايماق تۇغۇلىدۇ»، «سۆرەمنى يىرىپ قالسا، ئايالى پالەچ تۇغىدۇ»، «دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى خارلىسا پىسە كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ»، «بىر كالا بىلەن يەر ئاغدۇرسا مەكرۇ» دېيىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق مۈلۈكلىرىنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ قەدىرلەيدۇ.

ئاق قوناق مايسىلىرى ئۆسۈپ تازا يۇمران مايسا بولغاندا ئاتنىڭ، ئېشەكنىڭ، كالىنىڭ تېزەكلىرىنى ئالدىن قۇرۇتۇپ ئۇنى تونۇرغا سېلىپ، تېرەك قوۋزاقلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى تاغار-خالتىلارغا قاچىلاپ، ئېتىزنىڭ قىرلىرىغا تاغارلاپ ئاپىرىپ قويۇپ ئەتىتىك شامالدا مايسازار يۆنىلىشىگە قاراپ كۈلنى سورۇپ ئېتىزدىكى ھاشاراتلارنى يوقاتقان. ئۇنىڭدىن باشقا پاقا، كەسلەنچۈك، تورغاي، قاغا-كەپتەر، قىرغاۋۇل، كەكلىك قاتارلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن توخۇ چۆجىلىرىنىڭ، قاغا-قوزغۇنلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى بادىرىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، قىزىل-كۆك ھەر خىل لاتىلارنى قاداپ ئادەمگە ئوخشايدىغان قارانچۇقلارنى ياساپ ئېتىز ئوتتۇرىسىغا قاداپ قويغان.

مايسىلارنى سۇغىرىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئېتىز مايسىلىرىغا سۇ ئېچىلاتتى. ئېرىقلىرىغا «تۇغ» سېلىناتتى. ئاق قوناق زىرائەتلىرى تېرىلىشتىن بۇرۇن ئېرىق ئېلىناتتى. ئېلىنغان ئېرىق ئارقىلىق ھەر بىر ئېتىزغا ئېچىق ئېچىپ سۇغىرىلاتتى. ئىككى ئېرىق ئوتتۇرىسىدىكى يەرنى «ئېتىز» دەپ ئاتايتتى. ھازىرمۇ «ئېتىز»، «ئېرىق»، «تۇغ» دەپ ئاتايمىز.

«تارىخ سوۋالدى»: (زىرائەت سۇغىرىلدى) ھەر قانداق نەرسىگە، سۇ سېپىلسىمۇ (سۇلانسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 397-بەت.

«ئاتىزلاندى»: (ئېتىزلاشتۇردى) ئادەم يەرنى ئېتىزلاشتۇردى. يەنى چۆنەكلەپ قىر (تىگەن) سوقۇپ تېرىقچىلىق قىلىشقا لايىق قىلدى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 396-بەت.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش-گە تەسىر يەتكۈزۈش، نابۇت قىلىدىغان زىيانلىق ئوت-چۆپلەرنىڭ يۇلۇۋېتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق ئوت ئوتاشنى «ئوتولدى»: (ئوتالدى) ئىكەن ئوتالدى. «زىرائەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ياۋا ئوتلار يۇلۇپ تاشلاندى» دېگەن مەنىدە قەيت قىلىنغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 260-بەت.

ئاق قوناق گويا قوشۇقلۇقتەك يوغان باش ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇششاق مەرۋايىتتەك دانلىرى كۈن نۇرىغا ئۆزىنى قاقلاپلا چىقىدۇ، بۇ باش ئەتىيازدىلا كۆزلۈك ئوسىغا بالدۇرلا تېرىلىدۇ.

بۇ ئىنتايىن مول ھوسۇللۇق زىرائەت، ئۇنى مول پېتى يىغىۋېلىشمۇ خېلى تەسكە توختايدۇ. ئاق قوناقنىڭ دېنى ياغلىشاڭغۇ، تاتلىق، قوناق تازا دان تۇتۇپ قېتىشقىچە ئاق قۇشقاچ ئاق قوناقنىڭ سۈتىنى شورىۋېلىپ ھەرە كۆنىكىدەك شاكال قىلىۋېتىدۇ. دېھقانلار بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي قۇشقاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىيان سالغۇچى قاغا-قوزغۇن، قۇشلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قوناق باققۇچى دۇمباق چالىدىغانلىقى ئۇنى «قاقىراتقۇ» دەيدىغانلىقى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئىزاھلانغان.

«قاقىراتتى» (تاراقلاتتى)، تاراڭلاتتى. ئۇ قۇشقاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇشلارنى زىرائەتتىن قاچۇرۇش (ئۈركۈتۈش ئۈچۈن) ئېتىز باققۇچى دۇمبىقىنى تاراڭلاتتى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 498-بەت.

ئۇنىڭدىن باشقا قارانچۇق ياساپ ئېتىزلارغا ئورنىتىش، ئېتىزلارنىڭ تۆت ئەتراپىغا توخۇ، قاغا قاتارلىق ئۆلۈك قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى، ئۆلۈكىنى يىپقا چىگىپ تارتىپ قويۇش، سەنپەن شەكلىدە جازا ياساپ ئۇنىڭغا ئۈچ تال، ئۈچ-تۆت غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئوق ياساپ، كونا قاپاقنىڭ سۇنۇقىنى چىنىنىڭ دىگىلىكىدەك ياساپ، زىخنى ئوتتا قىزىتىپ تۆشۈك ئېچىپ، ئوققا ئۆتكۈزۈپ ساپايى چالغاندەك چېلىپ قۇشقاچ قورۇغان، بۇ ھازىرمۇ بەزى يېزىلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئاق قوناق بىر يېرىم مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە ئېگىز ئۆسىدىغان زىرائەت. ئاق قوناقنىڭ دانلىق بېشى

ئەڭ ئېگىز ئۇچىدا باش چىقىرىدۇ، ھەر بىر تۈپ قوناق بېشىنىڭ چوڭلۇقى قۇلاقچىدەك، قوشۇقلۇقتەك، سېۋەتتەك، چەينەكتەك باش تارتىدۇ. يان شەكلى قاسساپنىڭ گۆش ئاسىدىغان «چەپراز» دېگەن سايمىنىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، دېھقانلار «ئىلمەك قوناق» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئاق قوناقلارنى يىغىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن 10-20 كۈن بۇرۇن قوناق تېرىغۇچى كىشى ئائىلىدىكىلىرى يىغىلىپ قۇيماق سېلىپ، ياغ پۇرىتىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ، بوينىنىڭ قىچىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈچ-تۆت گەز ئاق خامنى يۆگەپ، پىچاق، تاغار، يوغان سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، قىزىل لېنتا چىگىلگەن يوغان باشاقلارنى پىچاقتا كېسىپ يىغىپ، كېسىلگەن باشاق بېغىنى يىپ بىلەن چىگىپ، بىر-بىرىگە چېتىپ، ئاپتاپ چۈشىدىغان، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاپتاپ يېگۈزۈپ، ئاۋايلاپ قول بىلەن دېنىنى سورۇۋېلىپ، ئۇرۇق ساقلاش ئامبىرىدىكى ياغاچ ئۇستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇرۇقلۇقنى ياخشى ساقلاپ، ھەر يىلى باش باھاردا تېرىپ مول ھوسۇل ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئاق قوناق پىشقاندىن كېيىن ئېتىز-قىرلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ ئېگىزلىكى ئىككى-ئۈچ مېتىر كېلىدىغان دېنى ئۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي بېغى قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك يۆگىشىپ كەتكەن، بەش-ئالتە كىلولۇق باشاقنىڭ بېغىنى پىچاق بىلەن كېسىپ ئۇرۇق قىلىدىغان باشلارنى ئىلغىۋېلىپ، قالغىنىنىڭ باشلىرىنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ كېسىپ ئۇشتۇپ خامانغا تاشلايدۇ.

خامان زىرائەتلەرنى تېپىش، پاكىزلاش (ئادالاش) تۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان خامان دېيىلىدۇ. ئۇ مەيداندا ھەر خىل زەل-زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇش، تېپىش، ئادالاش، چەشلەش، كەملەش (جىڭلاش)، خالتا، تاغارلارغا قاچىلاش، ئاشلىق ئامبارلارغا توشۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. كونىلاردا «خامان ئالماق، شەھەر ئالماق» دەيدىغان ماقال بار.

خامان قىلىشقا راسلانغان سەينانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تۈز ئۇزۇن بىر تال بادرا «موما» قادىلىدۇ. ئۇنىڭغا چوتىنىڭ سېپىدەك تومىلۇقتا بەش - ئالتە غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى سېرىق سۆگەتنىڭ شېخىنى كېسىپ «چۇلۇك» ياساپ (ئېگىپ ئىككى ئۇچىنى تۇتاشتۇرۇپ ھالقا قىلىپ، يەنى چەمبەر قىلىپ) موماغا سېلىنىدۇ.

ئىككى قات يوغان ھارۋا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى چۇلۇككە چىگىپ كالا، ئېشەك، ئات، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى قاتارى چېتىپ خامانغا قېتىلىدۇ، ئۇنىڭلۇك «لاي-لاي» ئېيتىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىچە: «لاي-لاي» ئېيتىلمىغان خاماندا بەرىكەت بولمايدۇ. «لاي - لاي» خامانغا بەرىكەت چاقىرىدۇ. مومىنىڭ ئۈچىغا قارىسا يامان بولىدۇ. «خىزىر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنمىگەن ھالدا كۆك كەپتەرنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ رىزقى تىلەپ ئولتۇرىدۇ. ھايۋانلار زىكرى تىلاۋەت بىلەن ماڭىدۇ» دەپ قاراپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «لاي-لاي» ئېيتىدۇ. ئەگەر «لاي-لاي» ئېيتالمىسا ئەڭ يۇقىرى ئاۋازلىق لاي-لايچى بىلەن لاپقۇتلىشىدۇ ياكى خامانى ئېلىپ كەپسەن بېرىپ رازى قىلىدۇ.

«لاي-لاي»نىڭ تېكىستى مۇنداق:

«لاي-لاي»
دەسسەڭلار، يانجىڭلار جانىۋارلىرىم.
خامانلار يۇمشىسۇن.
دان ئايرىپ چەشلەڭلار جانىۋارلىرىم.
خامان دانغا تولسۇن.
لاي، لاي، لاي...
ئارپا، بۇغداي سامانىنى سالقىن ئايرىيدۇ.
ئاتا بىلەن ئانىنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.
ئارپا بۇغداي سامانىنى سالقىن ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.
لاي، لاي، لاي...!

مانا بۇ «لاي-لاي» ناخشىسى ئارقىلىق، مول ھوسۇلنى مول پېتى يىغىۋېلىش ئارزۇ-ئۈمىدى ۋە ئۆلۈمدىن چوڭ نەرسىنىڭ يوقلۇقى، ھايۋانلارنى «جانىۋارلىرىم» دەپ مېھىر-مۇھەببەت بېغىشلاۋاتقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

1949-يىلىدىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ھايۋانلارنى خامانغا كۆپ قېتىۋالماي ئۈي كالىنىڭ بوينىغا «لەڭگۈك»نى (يايى شەكلىدىكى ياغاچ)، ئېشەك، ئاتنىڭ بوينىغا جۇنبۇ (بويۇنتۇرۇق)، جاۋەننى سېلىپ «تولۇق»، «سەكسەن پوت» دېگەن سايمانلارنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن

چېتىپ، زىرائەت باشاقلىرىنى ئېزىپ خامان ئېلىناتتى.
2000 ـ يىلدىن بۇيان ھەر خىل تېپتىكى زامانىۋى ماشىنا
ئۈسكۈنىلەرنى توكقا چېتىپ بىر كۈندە نەچچە خامان ئې-
لىنىماقتا.

قەدىمكىلەر خامان تېپىشنى «ماما» دەپ كەلگەن.
بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «پۇت بىلەن
تېپىش، ئېزىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەجدادلىرى-
مىز خامانىنى تەييار قىلىپ، خامانلىقنىڭ بىر چېتىگە كولىما
ئوچاقتىن بىرنى ياساپ، پاقلاننىڭ گۆشىنى بېسىپ پولۇ
ئېتىپ ياكى قۇيماق سېلىپ، قازان قاتلىمىسى، سۈتلۈك
چاي قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، شۇ مەھەللىدىكى مەسچىت-
نىڭ ئىمام، مەزىن ياكى ياشتا چوڭ مويسىپىتلارنى، قولۇم-
قوشنىلارنى چاقىرىپ داستىخان سېلىپ، «خامانغا بەرد-
كەت، يۇرت مەھەللىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ» دۇئا-
تىلاۋەت قىلىپ، مول ھوسۇلنىڭ ئۆشرە-زاكاتىنى غېرىب-
غۇرۋا، مىسكىن يېتىم-يېسىرلارغا، ئىگە-چاقىسىز تۇللارغا
بېرىپ قالغىنىنى ئۆيگە توشاتتى.

«دىۋان»دا خامانغا مۇناسىۋەتلىك «قولدىغۇ» (قىتىل-
غۇچ، پاقراتقۇچ يەنى تۇلۇق) 1 ـ توم، 639 ـ بەت). «تا-
رىغلاغ»: (تېرىلغۇلۇق)، ئېتىز، ئېتىزلىق. ئۇيغۇرچە
نەشرى، 1 ـ توم، 646 ـ بەت). دېگەن ئاتالغۇلار بار.

ئاق قوناقنى ساقلاش: ئۇيغۇرلار ئاشلىقنى بۇرۇن
چوڭ كاتتا، ساندۇقتا، تاغاردا، خالتىدا، باداڭدا، كۇپتە،
چوڭ قاپاقتا، ئورا قاتارلىق جايلاردا ساقلىغان. 1980 ـ يى-
لىدىن بۇيان دېھقانلار ئاشلىقلارنى پاكىز ئۇتۇكۈت ئېتىپ،
تاغارلارغا قاچىلاپ، تاغارلارنىڭ ئاغزىنى يىپ ياكى ئىنى-
چىكە سىم بىلەن تىكىپ، پېشايۋان ياكى ئامبار ئۆينىڭ
قاپ ئوتتۇرىسىغا شىشە-قۇتىلىرىنى قاتارى دىيەك پۇت
قىلىپ (ئۇنىڭ ئۈستىگە) شال تىزىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تا-
غارلارنى پەم بىلەن بېسىپ ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنداق
قىلغاندا ئاشلىققا شامال تېگىپ ياخشى ساقلىنىدۇ، شۇندا-
قلا بوتۇلكىغا چاشقان يامىشىپ چىقالمىغاچقا، ئاشلىق دەخ-
لىسىز ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا كۆچمەن چارۋى-
چىلىقتىن، ئولتۇراق دېھقانچىلىقتىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك
كەسپىگە يۈزلەنگەن بولغاچقا، دېھقانچىلىقتىكى دانلىق زى-
رائەتلەرنىڭ تۈرى كۆپەيگەن. زىرائەت دانلىرىنى تۈگمەن-
دە ئۈن تارتىپ نان يېقىپ يېيىش، ئۇندا غىزا ئېتىپ ئىس-
تېمال قىلىش كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان.
مۇشۇ ئېھتىياج ۋەجىدىن ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرى-
مىز ئەڭ دەسلەپتىلا سۇ تۈگمىنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن،
كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان مارجانلىق خارابىسى
(مىلادىيە 4 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە خارابىلىككە ئايلانغان شەھەر)
دىن تۆت پاي تۈگمەن تېشى تېپىلغان.

يەنە تۇرپان ئاستانە ۋە قارا غوجىدىكى 9 ـ، 11 ـ ئە-
سىرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن بۇغداي ئۇندا يېقىلغان
نان، چۆچۈرە قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەر تېپىلغان.

دىۋاندا «ئۇگۈتچى»: (ئۈن تارتقۇچى، تۈگمەنچى)
«ئىتەگو» (تۈگمەن ئۈستىدە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىل-
غان ياغاچ قۇلاق) «قوغۇشى»: (تۈگمەن نورى). سىبەك
(سوۋەك)، «سۇكەن»، «چىغرى»: (تۈگمەن چاقى)،
«توشورگە» (چۈشۈرگە) «يارماش ئۈن»، (يۇمشاق تار-
تىلغان ئۈن)، «توگورمەن تىشەدى»: (تۈگمەن تېشىنى
چەكتى) دېگەندەك سۆزلەر بار.

ئەجدادلىرىمىز ئولتۇراقلاشقان بىپايان يېزا ـ قىشلاق-
لارنىڭ كۆپىنچىسىدە سۇ تۈگمىنى بولۇپ، سۇ تۈگمىنىگە
تايىنىپ يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. جەنۇ-
بىي شىنجاڭ تەۋەلىكىدە «تۈگمەن بېشى»، «تۈگمەن مە-
ھەللىسى»، «تۈگمەن ئېرىق»، «تۈگمەن ئۆستەڭ»،
«قارا ئېقىن تۈگمىنى»، «كەلپىن تۈگمىنى»، «شورتاش
تۈگمىنى»، «چوڭبۇلۇڭ تۈگمەن»، «كېمە تۈگمەن»،
«يېڭى ئېرىق تۈگمەن»، «شاپتۇل تۈگمەن» دېگەنلەرگە
ئوخشاش تۈگمەنگە ئالاقىدار نام بىلەن ئاتىلىدىغان
نۇرغۇن يېزا-قىشلاق بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئا-
دەتلىرى ئىچىدە تۈگمەنچىلىكنىڭ زور رول ئوينىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. سۇ تۈگمىنىنىڭ ئۈنى شىرلىك بولۇپ نېنى
قېتىپ قالمايدۇ، غىزايى ئوخشايدۇ. داننىڭ شىرنىسى
كۆيۈپ كەتمەيدۇ، ئۇيغۇر خەلقى تۈگمەن ئۈنىنى ئالاھى-
دە ئەتىۋارلايدۇ، بەلكى ئوبدان مېھمانغا ساقلايدۇ.

تۈگمەندە تارتىلىپ ئارا ئەگلەكتە تاسقىلىپ سۇ،
تۇزدا يۇغۇرۇلغان خېمىرنىڭ شور ئوچاق، شور تونۇردا
پىشىپ چىققىنى ئاق قوناقنىڭ زاغرىسى دېيىلىدۇ.

قارا ئاشلىق (ئاق قوناق) ئۇنىغا بۇغداي ئۈنى ئارى-
لاشتۇرۇلغان خېمىردا يېقىلغان نان جۆۋەندە دېيىلىدۇ.

قايىناتما: ئاق قوناقنىڭ ئۇنىنى ئارا ئەگلەكتە تاسقاپ، ئۇنىنى خېمىر تەڭلىسگە بېسىپ، يەرلىك ئەركەك پاقلان گۆشى، پىياز، چىگىدەك، ھېچ بولمىغاندا سىيادان، ئاش كۆكى... قاتارلىقلارنى توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا تۇز قۇيۇپ، قايناق سۇ قۇيۇپ، نوغۇچ بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىر ئېتىپ، قىزىتىلغان شور ئوچاققا ئىنتىك ـ ئىنتىك يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان نان قايىناتما ئاق قوناق پېتىر نېنى دېيىلىدۇ. ئۇ ناننى تەڭلە ياكى داسقا چۆمكەپ قويۇپ قوغۇن ئۇرۇقى يېغى، ياڭاق مېغىزى يېغى، كۈنجۈت يېغى، زىغىر يېغى، قوي يېغى قايسى بولسا ئۇنى دەرھال چۆچۈتۈپ، ئادەم سانىغا قاراپ ھېلىقى چۆمكەپ قويۇلغان پېتىر ناننى گۈلدەك ئۇششاق ئۇۇشتىپ قازاندىكى چۆچۈتۈلگەن ياغقا تاشلاپ، كىچىك چۆمۈچ ياكى كاپكىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەخسە، چىنىلەرگە مۇۋاپىق ئېلىپ، قاچا، زىرە ياكى ئارپىبەدىيان ئۇنىنى سېپىپ، ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئۇ يېمەكلىكنى «ياغ چاڭگا» دەپ ئاتايدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا سىن چاي، ئەتكەن چاي، قەنت ـ ناۋات چاي قويۇلىدۇ.

ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم، قېرىنداش، يار ـ بۇرادەرلەر بىرەر سەپەرگە چىققاندا يوللۇق تۇتىدىغان نان سوۋغا نان دېيىلىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بارلىق نانلارنى ياقىدىغان ئوچاق، تونۇرلار جىگدە، ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت... قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يېرىنداق تىنىسىدە قىزىتىلىپ پىشۇرۇلغاچقا ناھايىتى تەملىك ۋە شىپالىق. سوۋغا نان دىۋاندا «توزغۇ» دەپ ئىزاھلانغان. 1 ـ توم، 553 ـ بەت).

ئاق قوناق زاغىرىسى سوغۇق مىجەز كىشىگە بەك ياقىدۇ. ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەبىئىتى ئىسسىق، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىغا ياقىدۇ. ئاغىزدا چىشى قالمىغان مويسىپىتلارغىمۇ بەك ياقىدۇ. تېنى ئاجىزراق كىشىگە ئېغىر كېلىدۇ، كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمقى ئەجدادلىرىمىز مۇنداق نەزمە توقىغان.

ئاق قوناق باتۇر،
زەردە قايناتۇر.
بىردەم بولمىسا،
كۆزنى ئويناتۇر.
كىچىككىنە يېرىم بار،
ئاق قوناقلار تېرىغىلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ
پىراقىدا سىرىغىلىق.

ئۇيغۇرلار ئاق قوناقنى سۇ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىپ، ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىنى چامغۇر توغرىغاندەك يوغان ـ يوغان توغراپ، بۇنىڭغا چامغۇر توغراپ سۇ قۇيۇپ، ئاق قوناق ئۇنىنى سۇيۇقراق چېلىپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ پىششىق پىشۇرۇپ، قازاننى چۈشۈرۈپ بىر مىنۇت چامىسىدا تىندۇرۇپ، ئوماچ تەييارلايدۇ. مۇشۇ خىل ئوماچنى ئىچكەنلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ مىجەزنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

قازانغا زىغىر يېغى قويۇپ سۇس ئوتتا چۆچۈتۈپ، يەرلىك باش پىيازنى يالپاقلاپ كۆپرەك توغراپ، ئەركەك پاقلاننىڭ جىگىرىنى، قارا يوتا گۆشىنى باشمالتاق قولدەك توغراپ، زىغىر يېغىدا قورۇپ، قاچىغا ئېلىۋېلىپ، قازانغا قېلىن ئەلگەكتە تاسقالغان ئاق قوناق ئۇنىنى سۇيۇقراق چېلىپ، ئۇزاق قاينىتىپ تۇز تەمنى تەڭشەپ پىشۇرۇپ، ئۇستىگە قورۇمىنى تۆكۈپ، تەييارلانغان ئوماچ قورۇملىق ئاق قوناق ئومچى دېيىلىدۇ. بۇ مىجەزى قۇرۇق سوغۇق كىشىلەرگە ياقىدۇ. يۆت ـ قولغا قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. تېبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوماچ ئاشقازان، ئۈچەينىڭ قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ. بەدەننىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ، ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ. بۇگۈنكى كۈندىكى يېشىل يېمەكلىك سۈپىتىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق ئوزۇقلۇق.

### قورۇما سىقماق ئېشى

سىقماقنى قورۇپ ئېتىش ئۈچۈن ئادەم سانىغا قاراپ ئازراق سۇ يېغىنى چۆچۈتۈپ، غاز توخۇمدەك بىر باش پىيازنى نېپىز توغراپ سېلىپ سارغايتىپ، يېسسىۋېلەك، مۇچ، پەمدۇر، ئازغىنە ئاق قوناق ئۇنى بىلەن پىششىق قورۇپ، تۇز تەمنى تەڭشەپ، قازاننى قاينىتىپ، ئاق ئۇنغا يازدا ئىسسىق سۇدا، قىشتا قايناق سۇدا خېمىر يۇغۇرۇپ، زوۋۇلاپ سىققۇچ خالتا ياكى ئالىقان بىلەن سىقىپ مۇۋاپىق قويۇلدۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىت قاينىتىپ، ئۇششاق توغرالغان سامساقنى سېلىپ، قازاننى چۈشۈرۈپ، قاچىلارغا ئۇسسۇپ داستىخانغا قويۇلىدۇ.

### جىگدە سالغان سىقماق ئېشى

ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلي ئەھۋالىغا قاراپ

مۇۋاپىق مىقداردا يېمىش جىگدە، ئاق قوناقنىڭ ئۇنى، تۇز، سۇ قۇيۇپ قازاننى قايناتسىپ، ئاق قوناقنىڭ ئۇننى ئىسسىق سۇدا يۇغۇرۇپ، زۇۋۇلاپ سىققۇچ ياكى سەۋزە قىرغۇچ بىلەن خېمىرنى قازانغا سېلىپ، قازان قويۇلغاندىن كېيىن بەش مىنۇت ئەتراپىدا قازاننى قايناتسىپ، ئاشنىڭ كۆپۈكنى ئېلىۋېتىپ، ئاشنى ئىچىشكە باشلايدۇ، بۇ جىگدە سىقماق ئېشى دېيىلىدۇ.

**يوبدان ئېشى**

يوبدان ئېشى ئۇيغۇر تائاملىرى مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاق قوناق ئۇنى خېمىرەچ بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. قازانغا سۇنى ئادەم سانىغا قاراپ قۇيغاندىن سىرت، بىر چىنە ئۇششۇق قويۇپ، پاخلان گۆشنى يالپاقلاپ توغراپ، ئاقباش چامغۇرنى قەندەك چاسا چوڭلۇقتا چوڭ-چوڭ توغراپ سېلىپ، ئۇزاق قايناتسىپ، سۇيى پىشقاندىن كېيىن چۆمكەپ قويغان خېمىرنى نوغۇچتەك توملۇقتا ئۇزۇنچاق زۇۋۇلاپ، ئاشتاختا ئۈستىدە ئالقان بىلەن بىر يېرىم سانتا كەلگىدەك ياپىلاقلاپ نوغۇچتا يېيىپ ئوبدان قۇغۇنلاپ، قازانغا سېلىپ قايناتسىپ، قازاننى چۆشۈرۈپ پىننە ياكى قۇرۇتۇلغان ئاش كۆكنى سېلىپ تۇۋاقنى چىڭ يېپىپ ئاش تىندۇرۇلىدۇ. كىچىك باللارنىڭ نەپسى تاقىلداپ كېتىپ غەلۋە قىلسا «مانا ھازىر ئۇسسۇيمەن، ئېلىشتۇرۇۋېتىپ ئۇسسۇمسا گاچا بولۇپ قالسەن» دەپ ئاشنى ئېلىشتۇرۇپ ئۇسسۇپ، چوڭلاردىن باشلاپ ئالدىغا قويۇلىدۇ.

يوبداننىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ بەدەندىكى ماينى سىيرىيدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ، ئەتىياز پەسلىدە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خام پىننىلىق يوبدان**

خام پىننىلىق يوبدانغا قازان ئېسىشتىن بۇرۇن قېلىن ئەلگەكتە تاسقالغان ئاق قوناقنىڭ تۈگمەن ئۇنى، بۇغداي ئۇنى، سېمىز ئەركەك قوينىڭ گۆشى، بەرەڭگە، چامغۇر، ئاش كۆكى، پالەك، شوخلا، تۇز، پىياز، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، سامساق قاتارلىقلارنى تەخلەپ قويۇپ، ئىستېمال قىلماقچى بولغان ئادەم سانىغا قاراپ يوبدان خېمىرنى يۇقىرىقىدەك ھالەتتە يوغۇرۇپ قويۇپ، سېمىز گۆشنى كومۇتىدەك توغراپ، پىيازنى سوقۇپ، سىرلىق قاچىغا گۆش پىيازنى سېلىپ ئازراق تۇز، سوغۇق سۇ قۇيۇپ ئاقمۇچنى تېتىغۇدەك سېلىپ، چوكا چۆككىدەك سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە لۆڭگە يېپىپ دەملەپ قۇيۇپ، قەلەمچە قىلىپ كېسىلگەن ئاق قوناق جەۋەندە چۆپلىرىنى سېلىپ، پىشاي دەپ لەيلەپ چىقىشىغا دۈملەگىلىك قىسمىنى تۆكۈپ پالەك، ئاش كۆكى، شوخلا، سامساق قاتارلىقلارنى تۆكۈپ، پىشقاندىن كېيىن تۇزىنى تېتىپ بېقىپ ئارلاشتۇرۇپ چىنىلەرگە ئۇسسۇلىدۇ.

بۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ ئادەم بەدىنى قۇرغاقلىشىپ كەتكەندە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قورۇما شورپىلىق يوبدان**

ئادەم سانىغا 200 گىرامدىن يۇقىرى قوي گۆشى، پىياز، مۇچ، بەرەڭگە، سەۋزە، پالەك، زەنجىۋىل، ئاقمۇچ، تېتىتقۇ، ئاچچىقسۇ، تۇز قاتارلىقلار بىلەن ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك سۇيىنى قورۇۋېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ، ئادەتتىكىدەك يوبدان ئېتىپ، پىشقاندىن كېيىن قازاننى ئۇچاقتىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ تەييار قورۇمىلىرنى تۆكۈپ، چىنە - قاچىلارغا ئۇسسۇپ ئىچىلىدۇ. قورۇما شورپىلىق يوبدان قىش كۈنلىرى ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ خىل ئاش بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، ھاردۇق چىقىرىدۇ.

**ئاق قوناق شېخىنىڭ چارۋا بورداشتىكى رولى:**

پەن-تېخنىكىنىڭ كۈنسېرى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ چارۋا ماللارنى بېقىش ھازىرقى زامان چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئاساسى بولۇۋاتقان دەۋرىمىزدە قوي - كالا قاتارلىق باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاق قوناقنىڭ شاخلىرىدىن سىلوس تەييارلاپ، چارۋا ماللارنىلا يەم-خەشەك مەنبەسىنى كېڭەيتتى. ئادەتتە ئىلگىرى ئاق قوناق شېخىدىن %40-60 پايدىلانغان بولسا، ھازىر %95 تىن ئاشۇرۇپ پايدىلانماقتا. ئەينى زاماندا ئاق قوناق شاخلىرىنى چوت، كەتمەن قاتارلىق ئەسۋابلار بىلەن چاناپ ئېزىپ بېرەتتى، ھازىرقى دەۋردە ئاق قوناق شاخلىرىنى ماشىنا بىلەن توغراپ سىلوس ياساپ ئۇنىڭغا قاغا جىگدە، گۈلە، قاق، كۈنجۈرە، كېپەك، قوناق يامىسى، ئاق قوناق ئۇنى قاتارلىقلارنى يوغان داش قازاندا قايناتسىپ مەلھەم قىلىپ چارۋا باقمىچىلىقنىڭ خام ئەشياسى قىلىندى.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيونېرى)



# كوسراپىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**8. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى**

كوسراپىلىقلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش زۆرۈرىيىتى بىلەن كۈچلۈك تائاملار بىلەن غىزالىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاساسلىق يېمەكلىكى: گۆش، سۈت، قېتىق، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، گۈرۈچ، باقلە (دادۇر) پۇرچاق، ئۆرۈك، جىگدە، سەۋزە، چامغۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ تۆۋەندە يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان تاماق تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

(1) نان: كوسراپىلىقلار ناننى ئارپا نەنى، پۇرچاق نەنى، باقلە نەنى، قوناق نەنى، بۇغداي نەنى (نەنى — ئەدەبىي تىلدا نېنى) دەپ ئاتايدۇ. نان خېمىرىغا پىياز، بېدە كۆكى، قىرىلغان (يايلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا پىياز) كۆكى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سەپەرگە چىققۇچىلارغا، مېھمانلارغا ئالايىتەن پىشۇرۇلغان قاتلىما، كۆمەچ نانلىرىغا قايماق، سېرىق ماي ياكى گۆش ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(2) زاڭ: زاڭ سەيلان زەگى، ياغ ـ قۇرۇت زەگى، (ئەدەبىي تىلدا زېغى) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئاۋۋال قوناق ئۇنىدا زاڭ پىشۇرۇلۇپ قاچىلارغا ئۇسسۇلىدۇ. ئاندىن چامغۇر، پىياز، سامساق، مۇچ، گۆش توغرالغان سەي قورۇلۇپ زاڭنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. يەرلىك شىۋىدە قورۇلغان سەي «سەيلان» دېيىلگەچكە، بۇ ئاش سەيلان زەگى دەپ ئاتىلىدۇ.

ياغ ـ قۇرۇت زەگى ئېتىشتە زاڭ پىشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىن چىلاپ تەييارلاپ قويۇلغان قۇرۇت ياغاچ ئاياغتا قول بىلەن ئېزىلىپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن سېرىق ماي ياكى سۇ ماي قازاندا چۇچۇتۇلۇپ ئۈستىگە ئەگلىك سېلىنىدۇ. ئەگلىك يايلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ كۈز ۋاقتى يىغىۋېلىنىدۇ. ئەگلىك ياغنى ھەم قىپقىزىل ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، ھەم

ئۆزگىچە تەم قوشىدۇ. ئەگلىكنى يەنە ئاياللار لەۋ، يۈزلە-
رىگە سۈرتۈپ پەرداز بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئەگلىك-
نىڭ بۇ خىل رولى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1 ـ توم،
156 ـ بەت)تىمۇ كۆرسىتىلگەن. ئاخىرىدا قۇرۇت بىلەن
ياغ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، زاغىنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ، بۇ ياغ ـ
قۇرۇت زەگى دېيىلىدۇ.

(3) كوملەك: گۆش بىلەن پىياز قىيما قىلىنىپ، قوناق ئۇنى خېمىرىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۆرۈك چوگلۇقىدا مونەك قىلىنىدۇ. قازانغا سېلىنغان چامغۇر پىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كوملەك قازانغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، كوملەك ئاش «پوتەك ئاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(4) چۇلى: ئاۋۋال گۇلنى ئۇزاق قاينىتىپ، تەمى سۇغا تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قوناق ياكى تېرىق ئۇنى سېپىلىدۇ. قوناق ئۇنى سېپىلگىنى قوناق چۇلىسى، تېرىق ئۇنى سېپىلگىنى تەرىخ چۇلىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

(5) ئۇپاق: ئۆرۈك گۇلىسىنى پاكىز يۇيۇپ ياغاچ ئاياغتا ئازراق سۇ بىلەن قۇرۇت يۇمشاتقاندەك ئېزىپ بەرسە، گۇلىنىڭ ئۇچكىسى ئايرىلىپ ئېتى (گۆشى) ئۇماچ هالەتكە كېلىدۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1 ـ توم، 165 ـ بەت)تە: «ئۇخاق ـــ ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرىنىسى، بۇ ئىچىلىدۇ» دەپ ئىزاهات بېرىلگەن. ئۇپاق ياز كۈنلىرى ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ئىچىلىدۇ.

(6) بۇلماق: بۇلماق بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلىدىغان كوسراپىلىقلارنىڭ نەزەرىدە پولۇ بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگە ئالىي تاماق هېسابلىنىدۇ. مېهماندارچىلىق ياكى نەزىر ـ چىراغ تاماقلىرىدا بۇلماق ئېتىلىدۇ. ئەپسۇس هازىر گۆرۈچ كەگرىچىلىكمۇ ياكى ئاياللار ئاۋارىچىلىكتىن قاچامدۇ، چوڭ نەزىرلەردە ئانچە ئېتىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇلماق ئېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال بۇغداي ئۇنى ئازراق نەمدىلىپ، ئالقاندا سۈركەپ گۆرۈچ چوگلۇقىدىكى دانچە هالەتكە كەلتۈرۈلۈپ ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ. ئەلگەكتە سۈزۈلۈپ قالغان قىسمى قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. سۇس ئوتتا ئۇزاق قايناتقاندا خېمىر دانىچىلىرى سۇنى ئۆزىگە تارتىپ پولۇغا ئوخشاش چىچىلما هالەتتە پىشىدۇ، لېگەنگە ئۇسسۇپ ئۇستىگە ياغ ياكى گۆش سېلىپ يېيىلىدۇ.

(7) شىنە: ئاق ئۇجمىدىن ياسىلىدىغان ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، دورىلىق رولى زور، ئۇزاق مەزگىلگىچە ساقلاشقا ئەپلىك ئىچىملىك بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا شىرنە دەپ ئاتىلىدۇ. شىرنە ياساشتا: ئالدى بىلەن ئۇجمە پالاس ياكى پالاس چوگلۇقىدىكى رەخت (بۇ شەدىشاپ دەپ ئاتىلىدۇ)كە ئېرغىتىلىپ پاكىز ئادالانغاندىن كېيىن (يۇيۇشقا بولمايدۇ)، قۇرۇق خالتىغا سېلىپ سىقىلىدۇ. سىقىلغاندا ئۇجمىنىڭ سۈيى داسقا ئېقىپ چۈشۈپ، تىرىپى خالتىدا قالىدۇ. ئۇجمىنىڭ سۈيىنى ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئەتراپىدا سۇس ئوتتا يېنىك قايناتسا (چۆمۈچ بىلەن قوچۇپ تۇرۇپ) قويۇلۇپ شىرنە هالىتىگە كېلىدۇ. قاينىتىش جەريانىدا ئازراق شېكەر ياكى ناۋات سېلىۋەتسە تەمى تېخىمۇ تاتلىق بولىدۇ. شىرنىنى قۇرۇق شىشە ـ قۇتىلارغا ئېلىپ، ئاغزىنى هاۋا كىرمىگۈدەك هىم ئېتىپ ساقلايدۇ.

(8) ئۇجمە قەقى: ئاق ئۇجمە 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ساپسېرىق هالەتتە پىششىقا باشلايدۇ. بۇ سەرىغ ئۇجمە (ئەدەبىي تىلدا سېرىق ئۇجمە) دەپ ئاتىلىدۇ. سەرىغ ئۇجمە ئاپتاپقا سېلىنىپ قاق قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇجمە قەقى (ئەدەبىي تىلدا ئۇجمە قېقى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇجمە قېقى قىش كۈنلىرى ياكى سەپەرلەردە يېيىلىدۇ.

(9) هەسەل قاينىتىش: قاتتىق ئىسسىق بولغان يىللىرى يايلاقلاردىكى قارىغايلاردا هەسەل هەرىسى كۆپىيىپ قارىغايلارنىڭ نوتا شاخلىرىغا هەسەل چىچىدۇ. بۇ نوتىلار كېسۋېلىنىپ داشقازاندا قاينىتىلىدۇ، قاينىتىش جەريانىدا قازاندىكى شاخ ـ شۇمبىلار ئۇدۇللۇق ئېلىنىپ تاشلىنىدۇ، هەسەل سوۋۇغاندا سۈزگۈچ ئارقىلىق ئادالىنىپ، سۇس ئوتتا يەنە قاينىتىلىدۇ.

(10) تالقان: تالقان كوسراپىلىقلارنىڭ يېمەكلىكىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان غىزالاردىن بىرى بولۇپ، ئۇزۇن سەپەرلەردە يول ئوزۇقى، ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. هامىلدار ئاياللار ئۈچۈن ئالدىن تالقان تەييارلىنىدۇ، بۇ «جەندەك تالقىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. تالقان ئېتىشتە بۇغداي بىلەن قوناق تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ قازاندا قورۇپ قوماچ قىلىدۇ. جىگدىنى قازاندا قاينىتىپ، ئۇرۇقىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، ئەت قىسمىنى ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ. بۇ «قىزىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرىدا قىزىل بىلەن قوماچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۈگمەندە تارتىلىدۇ، قىزىل بىلەن تېرىق قومىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن تالقان تەرىخ تالقىنى دەپ ئاتىلىدۇ.

① تالقان ئېتىش جەريانىدا، قوماچنى قازاندىن ئېلىپ سوۋۇتىدىغان چاغدا قول تەگكۈزمەسلىك، چوقۇم چۆمۈچ ئىشلىتىش شەرت قىلىنىدۇ. قول تەگكۈزسە تالقان ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. ② توي قىلىپ ئۇزاق مەزگىلگىچە تۇغمىغان ئاياللار جەندەك تالقىنى يەۋاتقاندا، پەرزەنت يۈزى كۆرگەن يېشى چوڭراق ئاياللاردىن بىرسى تېپىپ قويىدۇ. تۇغمىغان ئايال بۇ ئارقىلىق ئىزا تارتىپ، پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ دەپ قارايدۇ. ③جەندەك تالقىنىنى يېگەندە، لېگەن يۈزى تاتلىنىپ كەتسە بالا يىغلاڭغۇ، باشقىلارنىڭ يۈزىنى تاتلىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

(11) پىلقاراما: قازانغا سۇ قۇيۇپ قاينىغاندىن كېيىن، خام قايماق قويۇپ قوچۇلىدۇ. ئاندىن قوناق ئۇنى سېپىپ، سۇس ئوتتا ئۇزاق قاينىتىلىدۇ.

(12) بوران: ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىنى سۇما تاشتا ئېزىپ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، قازاندا ئۇزاق سورۇپ بەرسە، مېغىزنىڭ ئاچچىقى يوقاپ چۈچۈك ھالەتكە كېلىدۇ. قازانغا سۇ قۇيۇپ كاۋا توغراپ قاينىغاندا، چۈچۈتۈلگەن مېغىز سۈيىنى قۇيىدۇ. ئاخىرىدا قوناق ئۇنى سېپىپ زاك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. پىشقاندا سېرىقماي ياكى سۇ ماي قۇيۇپ يەيدۇ، بۇ «بوران» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كاۋا توغرىمىغان بولسا «مەكت» دەپ ئاتىلىدۇ.

(13) سىقماق: سىقماق قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدۇ. گۆش، چامغۇر، كاۋا قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىدۇ. قازان قايناپ چامغۇر قاتارلىقلار پىشىپ بولغاندا، قازاننىڭ گىرۋىكىگە سىقماق تارىغۇچ قويۇلىدۇ (سىقماق تارىغۇچ 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تاختاينىڭ ئۈچىغا نېپىز تۆنىكە بىلەن ئەگمە شەكىللىك كىچىك تۆشۈكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ). ئاندىن قوناق خېمىرى سىقماق تارىغۇچ ئۈستىگە قويۇلۇپ، قول بىلەن قازانغا سىقىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

(14) ياما: كۆكباش قوناق سۇما تاشتا ئېزىپ خېمىر قىلىنىدۇ. ئاندىن قازانغا گۆش، چامغۇر، كاۋا قاتارلىقلار سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا كۆكباش خېمىرى سېلىنىدۇ، قازان سۇسراق ئوتتا ئۇزاق قاينىتىلغاندىن كېيىن، قازان قويۇلۇپ ئۇماچ ھالەتكە كېلىدۇ، ياما كۈزدە ئېتىلىدىغان پەسىل خاراكتېرلىك ناھايىتى ئىچىشلىك تاماق ھېسابلىنىدۇ.

(15) يەجمەن: تونۇردىن يېڭى قومۇرغان ئىسسىق زاغرا نان سوغۇق سۇغا چالا بىر قېتىم چىلىۋېتىلىپ، ئۇششاق توغرىلىدۇ، ئاندىن سېرىق ماي ياكى قايماقتا مۇجۇپ ئېزىلىدۇ.

(16) كاشكاپ: گۈلى، جىگدە، چىلان، غولپىياز، زەنجىۋىل قاتارلىقلار ئۇزاق قاينىتىلىدۇ، تەمى چىققاندىن كېيىن، زۇكام بولۇپ قالغان كىشىلەر ئىچىپ تەرلەندۈرۈلىدۇ.

(17) قاقماچ قۇرۇتۇش: كوسراپلىقلار چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا گۆشنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساقلاپ يېيىش (قاق قىلىش) ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ كوسراپ شىۋىسىدە قاقماچ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى بايانلارغا قارىغاندا (2 ـ توم، 411 ـ بەت، 3 ـ توم، 389 ـ بەت)، گۆشنى قاق قىلىش، قاقماچ قۇرۇتۇش ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئادەت ھېسابلىنىدۇ. قاقماچ قۇرۇتۇش ئادىتى بويىچە گۆش ئاۋۋال پەش قىلىنىدۇ، نېپىز تاسما شەكلىدە كېسىلىدۇ، ئاندىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىتىچە (تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت) تۇزغا چىلانغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا ئېسىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قاقماچ قۇرۇتۇشنىڭ رولى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (3 ـ توم، 19 ـ بەت)تە: «يازۇق ئەت ـ كۈزدە ھەر خىل دورا ـ دەرمەك بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش، بۇ ئەتىيازدىلا يە، دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. چۈنكى ئەتىيازدا ماللار ئورۇقلايدۇ، مۇشۇنداق گۆشى بارلار ئەتىيازدىمۇ سېمىز، ياخشى گۆش يەيدۇ» دەپ ئەينەن كۆرسىتىلگەن.

### 9. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى

(1) سالاملىشىش ئادىتى

كوسراپلىقلار ئۆزئارا مۇئامىلىدە ناھايىتى قىزغىن ھەم مۇلايىم بولۇپ، ئۆزىدىن چوڭ يات كىشىلەرنىمۇ ئاكام (ئاكىچام)، ئاچام (ئايلاكام)، كىچىكلەرنى ئۇكام (ئىنىم)، سىڭلىم ياكى ئاخۇن، خان دەپ ئاتىشىدۇ. سالامسەھەت قىلىش ئىشلىرىدا، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئاياللار ئەرلەرگە، ئاز سانلىق كىشىلەر كۆپ سانلىق كىشىلەرگە، مېھمان ساھىبخانىسىغا (ئۆيگە) كىرگەندە پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىغا ئالدىن سالام قىلىدۇ، ئەرلەر «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»، ئاياللار «ئەسسالام» دەپ سالام قىلسا، قارشى تەرەپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام قايتۇرىدۇ. سالام قايتۇرۇش «ئىلىك ئېلىش» ياكى «ئىلىك قايتۇرۇش»

دەپ ئاتىلىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگىلەرگە مىنگەن كىشىلەر ئۆزىدىن باشقا ياكى ھۆرمەتكە چوڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ياكى توپ جامائەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلاغدىن چۈشۈپ سالام قىلىپ ئۆتىدۇ. ئەرلەر ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئاياللار يۈز يېقىشىپ كۆرۈشىدۇ. ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ، ئۆزىدىن چوڭ بىر تۇغقان ئاكا - ئاچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆزىگە، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ سالام قىلىدۇ. بۇ «قولغا بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ، (ھازىر بۇ ئادەت ئەمەلدىن قالدى). ئانا ياكى ئاچا سالام قىلغۇچىلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. دادا ياكى ئاكا بولغۇچى ئوغۇللارنىڭ ياكى نارەسىدە قىزلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. قىز بالا بويىغا يەتكەن ياكى تۇرمۇشلۇق بولغان بولسا بەۋاستە سۆيمەي ئۆزىنىڭ ئوڭ قولىنى سالام قىلغۇچىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ.

(2) مېھماندارچىلىق ئادىتى

كوسراپىلىقلار تولىمۇ مېھماندوست خەلق. ئۆيىگە قانداق كىشى كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى مېھمان ئورنىدا كۆرۈپ، خۇشچىراي، ئىللىق مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مېھمان ئۇزاتمىغان ئۆيىگە خىزىر كىرمەيدۇ، خىزىر كىرمىگەن ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ، مېھماننى ئەۋەتكەن خۇدا ئۆز رىزقىنىمۇ بىللە ئەۋەتىدۇ دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئۆيگە ھەپتە - ئون كۈنگىچە مېھمان كەلمىسە ياكى يامان ئاتاقتا قالغان كىشىلەر كىرىپ چىققان بولسا ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى يۇيۇپ تازىلايدۇ.



مېھمان كەلگەندە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى دەرھال قولىدىن ئېلىپ ئاندىن تىنچلىق سورىشىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا مېھمان مېنىڭ كەلگىنىمدىن خاپا بولغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىغاندا ئاياللار ئالدىن كىرىدۇ. تۆردە ئاياللار ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ ئەرلەر ئولتۇرىدۇ. تۆرگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىگىلىرى ئىچىدىكى يېشى كىچىكلەر مېھمانلار ئىچىدىكى قېرىسال، ھۆرمەتكە چوڭ كىشىلەرنىڭ ئۆتۈك، چورۇقلىرىنى تارتىپ سالدۇرۇپ قويىدۇ.

مېھمانلار ئولتۇرۇپ «سۈرە پاتىھە» قىلغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىلىرى پەگاھتا تۇرۇپ، «خوش كېلىپسىلەر» دەيدۇ. مېھمانلارمۇ «خۇشۋاق بولسۇن» دەپ تىنچ - ئامانلىق سورىشىدۇ.

مېھمانلارغا داستىخان سېلىش، چاي، تاماقلارنى سۇنۇش ئىشلىرىنى ئەرلەر قىلىدۇ. چاي، تاماقلار ئالدىن ئاياللارغا، ئاندىن ئەرلەرگە تۇتۇلىدۇ. دەز كەتكەن قاچا، پىياللەرنى، پارچە نانلارنى داستىخانغا ئەكىلىش مېھمانلار ئۈچۈن ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

مېھمانلار ئۈچۈن پولۇ، بۇلماق ئېتىش، قوي دۇئا قىلدۇرۇش، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە كەچتە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەڭ ئالىي ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە، تاماقتىن بۇرۇن چوڭ ياشتىكىلەردىن، تاماقتىن كېيىن كىچىك ياشتىكىلەردىن باشلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولۇپ، چىلاپچىدىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ، ئاندىن ئەرلەرنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىدۇ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ قولىغا ئايرىم لۆڭگە تۇتۇلىدۇ.

مېھمانلارنى ساھىبخانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، بۇ ھەم مېھمانلارغا، ھەم ساھىبخانلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

مېھمانلارنىڭ تاماقىغا سېلىنىدىغان قوشۇق چوقۇم دۈم سېلىنىشى كېرەك. قوشۇق ئوڭدىسىغا سېلىنسا، ساھىبخانىنىڭ مېھماننى ھۆرمەتلىمىگەنلىكى، ئەگەر مېھمان تاماقنى يەپ بولۇپ، قوشۇقنى ئوڭدىسىغا قويسا تاماق ئاز ئىكەن، قورساق تويمىدى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مېھمانلار تاماقنى ئاشۇرۇپ قويسا، مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆي ئىگىلىرىدىن ئەر مېھماندىن ئاشقىنىنى ئەرلەر، ئاياللاردىن ئاشقىنىنى ئاياللار بىر - ئىككى قوشۇق ياكى كاپامدىن يەپ ئاندىن قاچا، لېگەنلەرنى ئالىدۇ. مېھمانلار ئۇزايدىغان چاغدا، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا نان (سانى جۈپ بولۇشى كېرەك)، بوغۇرساق، بىرەر كىيىملىكتىن رەخت، بىر لېگەن گۈلە، مېغىز قويىدۇ، ئىشىك ئالدىدىن يەتتە قەدەم يىراقلىققا بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

(3) مۇچە تارتىش ئادىتى

كوسراپىلىقلار ھېيت - ئايەم، نەزىر - چىراغ، مېھماندارچىلىق ئۈچۈن سويغان چارۋا ماللارنى مۇچە بويىچە

پارچىلايدۇ ھەم مۇچە بويىچە تارتىدۇ. كالا، قوتازلارنىڭ مۇچىلىرى ئىككى پارچە قىلىپ تارتىلسا بولىدۇ. قوي، ئۆچكە، كىيىك قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ مۇچىسى پارچىلىۋېتىلسە ياكى ئۆلچىمى بويىچە مۇچىلەنمەي قالسا (گۆش بىر مۇچىگە جىق، بىرىگە ئاز بولۇپ قالسا) ۋە ياكى مېھمانلارغا ئۆز لايىقىدىكى مۇچە كەلتۈرۈلمىسە ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق مال 12 مۇچە قىلىپ پارچىلىنىدۇ. 1 ـ مۇچە كاللا (چوقا)؛ 2 ـ مۇچە قۇيرۇق؛ 3 ـ مۇچە قارچۇغا (بېقىن قىسمى بولۇپ چوقۇم بۆرىكى بولۇش شەرت)، 4 ـ مۇچە يامپاش؛ 5 ـ مۇچە ھوشۇقلۇق يىلىك؛ 6 ـ مۇچە دولى؛ 7 ـ مۇچە قاشقا يىلىك؛ 8 ـ مۇچە توقماق يىلىك؛ 9 ـ مۇچە قېرى يىلىك؛ 10 ـ مۇچە بوقۇنا؛ 11 ـ مۇچە قوۋۇرغا؛ 12 ـ مۇچە تۆش.

مېھمانلارنىڭ سانى كۆپ بولسا، تۆتتىن ئادەمگە بىردىن مۇچە تارتىلىدۇ. تۆشنى مېھمانلارغا ئەكىلىشكە بولمايدۇ. تۆشتىن گۆش ئاز چىققانلىقتىنمۇ قانداق، تۆش تارتىلسا مېھمانلارنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قالىدۇ. بۇ توغرىدا «ئەرلىك قىلىپ قوي سويدۇڭ، ئىتلىق قىلىپ تۆش تارتتىڭ» دېگەن تەمسىل بارلىققا كەلگەن.

(4) دوستلىشىش ئادىتى

دوستلىشىش كوسراپلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى، ئىناقلىقنى كۈچەيتىدىغان، ۋاپادار بولۇشنى، سەممىي ـ سادىق، راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، تار دائىرىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت، مىللەت چەكلىمىسىدىن ھالقىغان، كۆچمە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. دوستلاشقۇچىلار ① كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ تەڭ چوڭ بولغان ياشلار. ② ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغان، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دوست بولۇشقا لايىق كۆرگەن تەڭتۇشلار. ③ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھامىلە مەزگىلىدىكى پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى نىكاھ، دوست ـ ئاداشلىق تەقدىرى توغرىسىدىكى ئەھدىنامىسى بويىچە دوستلاشقۇچىلار. ④ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دوستلۇقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دوستلاشقۇچىلار (بۇ خىل دوستلۇق «قۇرئان يېڭىلاش» دەپ ئاتىلىدۇ). ⑤ «قۇرئان» قۇچاقلىشىپ دوستلىشىش ئارقىلىق ئارىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى يۇيۇۋەتمەكچى بولغۇچىلاردىن ئىبارەت.

دوستلىشىش ئادىتى بويىچە، دوستلىشىدىغان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مەسلىھەت ـ يول قويۇش ئاساسىدا، دوستلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارارلىشىدۇ. دوستلىشىش مۇراسىمى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزمەكچى بولغان تەرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ جامائەتنى ئۆيىگە چاقىرىپ قوي سويۇپ داستىخان سالىدۇ. دۇئادىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز مەقسەتلىرىنى جامائەتكە ئۇقتۇرىدۇ. دوستلاشماقچى بولغان تەرەپلەر تاھارەت ئېلىپ، جامائەت ئالدىغا كىرگەندە، ئىمام «قۇرئان»نى قۇچاقلاتقۇزۇپ، ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. پۈتۈن جامائەت دۇئا قىلىپ، دوستلۇقنى قۇتلۇقلايدۇ. سورۇن ئاخىرىدا ئۆي ئىگىسى تەرەپ دوست بولغۇچىنىڭ ئالدىغا بىر قۇر كىيىم (تون ـ تەلپەك)، بىرەر تۇياق قوي، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغىمۇ ئەھۋالغا يارىشا سوۋغاتلىق قويىدۇ. بەزى كىشىلەر يەنە دوستلۇق شەرىپى ئۈچۈن ئوغلاق تارتىش، مەشرەپ قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن (مۇقىم ۋاقتى بولمايدۇ)، دوستلاشقان يەنە بىر تەرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ جامائەتكە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا سورۇن ھازىرلاپ، دوستلۇق شەرىپىنى قۇتلۇقلايدۇ، ئوخشىمايدىغىنى بۇ كۈندىكى مېھماندارچىلىقتا «قۇرئان» قۇچاقلاشمايدۇ.

دوستلىشىش پەقەت ئەرلەرگىلا خاس ئادەت ئەمەس، بەلكى ئاياللار ئارىسىدىمۇ دوستلىشىش ئادىتى مەۋجۇت. بۇ ئاداش بولۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قائىدە ـ رەسمىيەتلىرى دوستلىشىش بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئەرلەر ئارىسىدىكى دوستلىشىش پائالىيەتلىرىگە ئەرلەر يېتەكچىلىك قىلسا، ئاياللارنىڭكىگە ئاياللار رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. دوستلاشقان ئەرلەر بىر ـ بىرىنى دوستۇم دەپ ئاتىسا، ئاياللار ئادىشىم دەپ ئاتايدۇ.

(5) كالېندارچىلىق ئادىتى

كوسراپلىقلار ھىجرىيە، مىلادىيە، مۆچەل يىلنامىلىرىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە ئاي، كۈنلەرنى ھېسابلاشتا «توقال» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك كالېندارنىمۇ قوللانغان.

«توقال» ئاي بىلەن ھۈكەر يۇلتۇزىنىڭ پاراللېل

هالەتتە تەڭلەشكەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ھۈكەر يۇلتۇزى مىلادىيە كالېندارى بويىچە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تەخمىنەن 40 كۈن ئەتراپىدا كۆرۈنمەيدۇ، بۇ «ھۈكەر ياتتى» دەپ ئاتىلىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ھۈكەر چىقىدۇ، بۇ «ھۈكەر قوپتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاينىڭ چوڭىيىش، كىچىكلەش قانۇنىيىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھۈكەر قوپقان ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە بارغان كېچىدە ھۈكەر يۇلتۇزى بىلەن ئاي ئۆزئارا پاراللېل ھالەتكە (توقال ھالەتكە) كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئاي 23 ـ توقال دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە بارغاندا توقال ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ئاي 21 ـ توقال دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ئايلارمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ھەر ئاينىڭ 19 ـ ، 17 ـ ، 15 ـ ، 13 ـ ، 11 ـ ، 9 ـ ، 7 ـ ، 5 ـ ، 3 ـ كۈنلىرى توقال ھالەتكە كېلىدۇ، ھۈكەر ياتقان مەزگىل 1 ـ توقالغا توغرا كېلىدۇ.

ھۈكەر بىلەن ئاينىڭ توقال ھالەتكە كەلگەن مەزگىلىنى ھېسابلاشتا ئاينىڭ چوڭىيىش ـ كىچىكلەش قانۇنىيىتى ئاساس قىلىنغاچقا، ئايلارنىڭ نامىمۇ شۇ سان تەرتىپى بويىچە چوڭدىن، كىچىككە قاراپ ھېسابلانغان.

توقال كالېندارى بويىچە تۈۋەندىكىدەك بىر قاتار تۇرمۇش ئادەتلىرى (قاراشلىرى) شەكىللەنگەن. ھۈكەر بىلەن ئاينىڭ توقال بولغان مەزگىلدىكى ئارىلىقى كەڭ بولسا ئىسسىق بولىدۇ. تار بولسا سوغۇق بولىدۇ. ھۈكەر قوپۇش بىلەن تەڭ شەبنەم چۈشىدۇ. بۇلاق سۈيى كۆپىيىدۇ. چارۋا مال كېچىدە تۇرالغۇسىنى ھۈكەرگە قاراپ تاپىدۇ. ھۈكەرنىڭ قوپقىنىنى تۈنجى قېتىم قوي بىلىدۇ. ھۈكەر قوپقان ھامان ياتقان قوي ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسمانغا قارايدۇ.

23 ـ توقالدا، ئۆسۈملۈكلەر يىلتىز تارتىشتىن توختاپ دان تۇتۇشقا باشلايدۇ.

21 ـ توقالدا، ئۆسۈملۈكلەر پىشىدۇ، تومۇز ئاخىرلىشىدۇ.

19 ـ توقالدا، ئارپا ئورۇلىدۇ.

17 ـ توقالدا، كۆز باشلىنىدۇ.

15 ـ توقالدا، تېكە يۈگۈرۈيدۇ.

13 ـ توقالدا، تۆگمەن ياتىدۇ تېكە يانىدۇ.

11 ـ توقالدا، چىللە كىرىدۇ.

9 ـ توقالدا، قاپاق ياردى سوغۇق بولىدۇ.

7 ـ توقالدا، مال تۆللەيدۇ، جان ـ جانىۋارلارغا سوغۇق ئۆتمەيدۇ.

5 ـ توقالدا، ئۇرۇق سېلىنىدۇ.

3 ـ توقالدا، كېپەك تۇغىدۇ.

1 ـ توقالدا، ئۇجمە پىشىدۇ، يەر يۈزى ئىسسىپ يەر تېگى سوۋۇيدۇ.

دېمەك، كوسراپلىقلار ئۇزاق مەزگىللىك چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇش جەريانىدا، كۈن، ئاي، ھۈكەر قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ دەۋر بىلەن قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

10. ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى

(1) يىل ئايرىش بايرىمى: كوسراپلىقلار ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىنى «يىل ئايرىش» ياكى «يىل بېشى» دەپ ئاتايدۇ (نورۇز بايرىمى دېگەن ئاتالغۇ يوق). بۇ كۈنى ئەتىگەندە ھەممە ئائىلىلەر ئۆي ئىچىدىكى ھەممە بىساتلىرىنى، تام ـ تورۇسلىرىدىن تارتىپ ئۆي ئەتراپلىرىغىچە ھەممە يەرنى پاكىز تازىلايدۇ. قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئەرلەر چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتقۇزۇپ، ئاياللار باش ـ كۆزىنى تاراپ، بىر خىل پاكىز، جۇشقۇن كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ.

ئۆي ـ ئۆيلەردە پولۇ، بۇلماق، زاڭ دېگەندەك ئەنئۈەرلىك تاماقلار ئېتىلىپ، يۇرت ـ مەھەللە بويىچە كوللېكتىپ پەتە قىلىشىدۇ. پەتىچىلەر ئۇزاپ ئىشىكتىن چىقىشىغا شۇ ئۆيدىكى كىچىك باللار ئۆگزىدە تۇرۇپ جامائەتنىڭ بېشىغا قارىتىپ سۇ چاچىدۇ. پەتە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، مەشرەپ ئويناش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپتە ياغاچتىن ياسالغان تەكە مودېلى (راۋابنىڭ زەخمىكىگە ئوزۇن يىپ بىلەن چىگىپ قويۇلغان) راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا سېلىنىدۇ. (2) قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت: كوسراپلىقلارنىڭ قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيتنى ئۆتكۈزۈشى سۈننىي مەزھېپىنىڭ قائىدىسى بويىچە بولسىمۇ، يەنىلا قىسمەن پەرق مەۋجۇت. ئۆيدىن مەسچىتكە بارغۇچە يەتتە تال چالما ياكى تاشقا تەگبىر ئېيتىپ، يەتتە يەردە توختاپ تەگبىر چالمىسىنى ئۆلۈك مۇرىسى تەرەپتىن ئارقىسىغا تاشلايدۇ. بۇ شەيتانغا تاش ئېتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ناماز ئوقۇپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئالدىن شەرققە، ئاندىن غەربكە قاراپ دۇئا قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن ئۆزئا-را بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ھېيتنى مۇبارەكلەيدۇ. قۇرباد-لىق قىلىدىغان قوي تەرەت ئالدۇرۇلۇپ ئۆگزىدە بوغۇز-لىنىدۇ. تەرەت ئالدۇرۇشتا قوينى بوغۇزلىغۇچى (ئائىلە باشلىقى) ئالدى بىلەن قوينىڭ مەقئەت قىسمىنى، يۈز قىس-مىنى (تۇمشۇق)، توت پاچىقىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ، ئاندىن كۆزىگە سۈرمە سۈرتىدۇ. قوينىڭ پۇتىنى توشقاند-ا، سول تەرەپ ئارقا پۇتىدىن باشقا ئۈچ پاچىقى بوغۇل-دۇ. بوغۇلمىغان پۇتىنى بوغۇزلىغۇچى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىدۇ. بو-غۇزلاش ۋاقتىدا بارلىق ئۆي ئەزالىرى قوينى تۇتۇپ تۇرسا، ساۋابى چوڭ دەپ قارىلىدۇ. قوي ئۆگزىنىڭ لەپ تەرىپىگە ئوڭ تەرىپى بويىچە قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇلۇپ بوغۇزلىنىدۇ. قان تامدىن پەسكە ئېقىپ چۈشىدۇ (ھازىر بۇ ئادەت ئەمەلدىن قالدى). ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا بوغۇرساق پىشۇرىدۇ، توقاچ ياقىدۇ، پولۇ، بۇلماق ئېتىدۇ. پۇتۇن يۇرت بويىچە ئەرلەر بىر توپ، ئا-ياللار بىر توپ بولۇپ ھەممە ئۆيدە پەتىلەيدۇ. ھېيت پە-تىسى ئۆچۈن ئۆيگە چاقىرىدىغان ئادەت يوق. ئوتتۇرىدا سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇپ ئارازلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ ھېيت كۈنى پەتىگە كەلمەي قالمايدۇ، ئۇنداق قىلمايدى-كەن پۇتۇن ئەل - يۇرتنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.



### 11. داۋالىنىش ئادىتى

(1) زۇكامنى داۋالاش: زۇكام كېسىلىنى كوسراپلىق-لار «جاڭ - قوقۇق»، «جاڭداپ قەلىش» دەپ ئاتايدۇ. جاڭداپ قالغۇچىلار پاقلان گۆشى، سامساق، يۇمغاقسۇت شورپىسى ياكى كاشكاپ سۇيىدە تەرلەندۈرۈش ئارقىلىق داۋالىنىدۇ.

(2) كېزىك كېسىلىنى داۋالاش: كېزىك كېسىلى بول-غانلار ياغ - گۆشتىن، قورۇما تاماقتىن پەرھىز تۇتىدۇ، تۇزسىز تاماق يەيدۇ، قوناق ئۇنى تائاملىرى بېرىلىدۇ، بوزلاش (قورۇم ئوتى) قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

(3) رېماتىزىم، بوغۇم ياللۇغى كېسەللىرىنى داۋالاش: رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى بىمارلىرى تومۇز مەزگىلىدە ئىسسىق قۇمغا (كوسراپ يېزىسىدا ئىسسىق قۇم، سوغۇق قۇم ئايرىم) كۆمۈلىدۇ. كۈز، ئەتىيازدا (تومۇز، چىللە مەز-گىلىدىن باشقا ۋاقىتتا) قوينىڭ تېرىسىگە يۆگىلىدۇ. ئېيىق، دەۋىغان (سوغۇر) يېغىدا ياغلىنىدۇ، تۈرلۈك جاھىل تېرە كېسەللىرىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق داۋالىنىدۇ.

(4) قىزىل، چېچەك كېسەللىرىنى داۋالاش: قىزىل چىققۇچىلار گۆش - ياغدىن، سۈت - قېتىقتىن پەرھىز تۇتۇ-لىدۇ. ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇلۇپ باشقا كىشىلەرگە كۆرسە-تىلمەيدۇ، ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك رەخت يېپىپ قويۇلىدۇ، ئارپا، پۇرچاق تائاملىرىدا بېقىلىدۇ.

چېچەك چىققۇچىلارمۇ ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇلىدۇ. چېچەك كېسىلىنى چېچەك سۈيى بىلەن ئەملەش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالايدۇ. يەنى چېچەك چىققۇچىنىڭ باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقى ئارىلىقىدىكى نىپىز گۆش ئۇزاق ئۇۋۇلىنىدۇ، قىنى قاچۇرۇلىدۇ، ئاندىن يىڭنە بىلەن تېشىپ، چېچەك سۈيىگە مىلەنگەن يىپ ئۆتكۈزۈپ قو-يىدۇ.

(5) ئىسسىق تۇتۇۋالغان كېسەللەرنى داۋالاش: ئىسسىق تۇتۇۋالغان بىمارلار تومۇز مەزگىلىدە سەھەردە، كەچتە بىر قېتىمدىن سوغۇق قۇمغا كۆمۈلىدۇ (دەريا بويىدا شىپا قە-لىدۇ دەپ قارىلىدىغان سوغۇق قۇملۇق بار). پىچاق يىلتىزىنى توپىسى بىلەن قوشۇپ قور-ساققا تاڭىدۇ. يۇمغاقسۇتنى ئېزىپ باش، قورساقلارغا چاپىدۇ. ئەتىگەندە يەنە كۆك

بوينى سۇغا چىلاپ، ئايەت ئوقۇپ بىمارلارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە يېنىك ئۇرىدۇ.

(6) چاقا - جاراھەتلەرنى داۋالاش: ئۇزاققىچە ئېغىز ئالمىغان جاھىل خاراكتېرىدىكى چاقا - جاراھەتلەرگە توشقان تېرىسى يېپىلىدۇ.

(7) قىيىن تۇغۇتنى داۋالاش: تۇغۇتى قىيىنلىشىپ قالغان ئاياللارغا ئۆچكە ياكى ئوغلاقنىڭ قېرىنىنى ئىسسىق پېتى قۇچاقلاتسا تۇغۇتى ئاسانلىشىدۇ، بۇ «قەرىن قۇچاقلىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

(8) قوقاق كېسەللىرىنى داۋالاش: تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغان ياكى ئۇزاق مەزگىل كېسەل ئازابىنى تارتىپ باشقا دارىلىقلار شىپا قىلمىغان بىمارلارنىڭ كېسەل بولۇش سەۋەبى كېچىدە قورققان، چۆل - باياۋاندا ئۇخلاپ قالغان، قويۇندا قالغان... دېگەندەك ناملار بىلەن تەبىرلىنىپ «قوقوق بوپتۇ، قوقوق تېگىپتۇ» دەپ قارىلىدۇ، بۇ خىلدىكى بىمارلارغا تۆۋەندىكىدەك داۋا قىلىنىدۇ.

① بىمار كىچىك تاھارەت ئالدۇرۇلىدۇ. قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ يۈرىكىنى بىمار ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئوغلاقنىڭ (قارا ئوغلاقتىن باشقا) ئۆپكىسى ئىسسىق پېتى بىمارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە يېنىك ئۇرۇلىدۇ. بۇ «ئۆپكە قەقىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ② بىمار نامازشام مەزگىلىدە ئىشىك ئالدىغا ئولتۇرۇغۇزۇلۇپ، بىر تۇتام چىغقا ئوت يېقىپ، بىمارنىڭ بېشىدىن ئوك يۆنىلىش بويىچە ئايلاندۇرۇلىدۇ. قوقوق دۇئاسى (ئۇششاق سۈرە) ئوقۇلۇپ بىمارنىڭ دۈمبىسىگە «كۆچ قوقوق» دەپ ئۇرۇپ قويىدۇ. بۇ «ئوتلاپ قەقىش (قېقىش)» دەپ ئاتىلىدۇ. ③ بىمار دۈم ياكى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ كونىراق چاپان ياكى جۇۋا يېپىلىدۇ. ئۈستىگە بېشىدىن ئايىغىچىلىك بارماق چوڭلۇقىدا ئۇزۇن پاختا قويۇپ ئوت يېقىلىدۇ. قوقوق دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. پاختا تولۇق كۆيۈپ تۈگىسە كېسىلى يېنىككەن، تولۇق كۆيمىسە كېسىلى ئېغىركەن دەپ قارىلىدۇ. بۇ «ئوچ قويۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

(9) باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش: ① راخىت بولغان بوۋاقلارنى داۋالاشتا يەتتە خىل رەڭلىك يىپ تەييارلاپ موللامغا دۇئا ئوقۇتىدۇ. ئاندىن يىپلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، مەسچىتنىڭ تۆۋرۈكىگە چىگىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن راخىت كېسىلى ساقىيىدۇ دەپ قارايدۇ. ② ئاغزى ئاغرىغان بوۋاقلارنى داۋالاشتا: بۇلاقنىڭ كۆزىدىن يەتتە تال قارا تاش، يەتتە تال ئاق تاش (شېغىل تاش) ئېلىپ، ئۇنى بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىگە سېلىپ ئىچكۈزىدۇ. ③ كۆز بوپتۇ (كۆز تېگىپتۇ) دەپ قارىغان بوۋاقلارنىڭ ئىككى چېكىسىگە توخۇ (چۈجە)، كەپتەر (باچكا)، قۇشقاچ، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ كۆزى تېڭىلىدۇ. ④ بوۋاقلارنى كۆز تېگىش، جىن - ئالۋاستىلاردىن ساقلاش ئۈچۈن، بۆشۈككە «كۆز تۇمارى» دەپ ئاتىلىدىغان ئايەت پۈتۈلگەن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك تۇمار، يىلان بېشى، بۆرە هوشۇقى، بۈركۈت تىرنىقى قاتارلىقلار ئېسىپ قويۇلىدۇ. پىچاق، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدۇ. ⑤ ئىسرىقلاش: «ئىسرىق — باللارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز، ئىسرىقنىڭ ئىسنى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈپ، ھەي جىن كۆچ - كۆچ» دېيىلىدۇ. ئىسرىق سېلىش ئۈچۈن چوڭ يولدىن بىر سىقىم كەلگۈدەك ئوتۇن - چاۋار تېرىپ، كۆز تىككىنى (بىر خىل تىكەنلىك ئوت)، ئۆچكىنىڭ چاۋى يېغى (يەرلىك تىلدا ياقرى) بىلەن قوشۇپ تۇتۇن سېلىنىدۇ. ئاندىن بوۋاقنى زاكىسى بىلەن «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە، ئايىغى يامانىنىڭ پۇتىغا، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىگە، تىلى يامانىنىڭ تىلىغا ئىسرىق، كۆچ - كۆچ» دەپ تۈتۈن ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم ئوڭ يۆنىلىش بويىچە ئايلاندۇرىدۇ.

## 12. ئۆزگىچە پەرھىز ئادەتلىرى

كوسراپلىقلارنىڭ ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە ئېھتىيات چۈشەنچىلىرىدە پەيدا بولغان خاس پەرھىزلىك قاراشلىرى بىر خىل ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە كىشلەرنى ئىتتىپاقلىققا، شەرم - ھايالىققا، ۋاپادارلىققا، مېھماندوستلۇققا، ئەدەپ - ئەخلاققا ئۈندەپ، يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى چەكلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

(1) ئادەمنى ئاساس قىلىش مەزمۇنىدىكى پەرھىزلەر

ئادەمنىڭ ھاياتى ھامىلىدىن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھامىلدار ئاياللار زاۋال ۋاقتىدا، كېچىدە يالغۇز تالا - تۈزگە چىقىشقا بولمايدۇ، ھامىلدار ئايال ياكى ئۇنىڭ ئېرى تۆگە گۆشى يېمەسلىك كېرەك. ئەگەر يېيىلىپ قالسا شۇ گۆشتىن جورىسىگمۇ بىرەر بۇردا يېگۈزمىسە، تۇغۇتى تۆگىگە ئوخشاش 14 ئايغا سوزۇلۇپ

كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ھامىلدار ئايالنىڭ تولغىقى (ئاغرىقى) مەخپىي تۇتۇلىدۇ. تولغاق مەزگىلىدە ئۆيگە سىرتتىن كىرىپ قالغان ئادەم خەۋەر تاپماي قايتىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىزىدىن يەتتە چىمدىم توپا ئېلىپ، لاتىغا چىگىپ ھامىلدار ئايالنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ. مۇبادا ئۆيگە كىرگۈچى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قالسا، ئايالنىڭ كۆزى يورۇغىچە شۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، چىقىش زۆرۈر بولسا، ئاياللار ياغلىقىنى، ئەرلەر پىچىقىنى قويۇپ چىقىدۇ.

ھامىلدار ئايالنىڭ تولغىقى باشلىنىشى بىلەن تەڭ، ئۆي ئىچىدىكى قوزۇق (مىخ)، ئىلغۇچلارغا ئىلىقلىق ھەرقانداق نەرسە ئېلىۋېتىلىدۇ. تولغاق جەريانىدا ھامىلدار ئايالنىڭ ئېرى يېنىدا بولماي قالغان بولسا، ئۇنىڭ چاپان ياكى كۆڭلىكىدە ئايالنىڭ ئانىسى «داداڭغا تارتىشماي چۈش، ئاناڭنى قىينىما» دەپ قىزنىڭ قورسىقىنى سىلاپ قويىدۇ.

تولغىقى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن ئايالنى يوتقان ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، يوتقاننى تۆت ئادەم تۇتۇپ دومىلىتىدۇ. ھامىلدار ئايال يەنە نوغۇچ تېپىنىپ ئۆي ئىچىدە ماڭدۇرۇلىدۇ. تام غۇلاچلاندۇرۇلىدۇ (ئۇلۇغ ئايلىنىش بويىچە). قازاندا ياغ چۇچۇتۇپ، قازاننى ئايالنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ (ئۇلۇغ ئايلاندۇرۇلۇپ)، قۇيماق سېلىپ يېگۈزىدۇ. ئايالنىڭ يېڭىراق بىرەر قۇر كىيىمىنى بېشىدىن ئۆرۈپ ئاجىز كىشىلەرگە سەدىقە قىلىدۇ، قېرىن قۇچاقلىتىلىدۇ، ئايالنىڭ ئېرى ئۆگزىگە چىقىپ ئۈچ قېتىم سەكرەپ قويىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىۋاستە سورىماي، «بۆرىمۇ- تۈلكىمۇ» دەپ سورايدۇ، ئوغۇل بولسا بۆرى، قىز بولسا تۈلكە دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

بوۋاقنى تۇنجى قېتىم قولىغا ئالغان ئادەم (تۇغۇت ئانىسى) «ئاسماندىن تۈشكەن ئەتلىك (ئەدەبىي تىلدا چۈشكەن ئېتىلك) نۇر ياغدى (نۇراخان)، يەردىن چىققان ئەتلىك تاشاخۇن (تاشخان) بولسۇن» دەپ ئالىدۇ. بالا ھەمراھىنى ئۆي كۆمۈش كېرەك، ئۇزە كۆمۈلۈپ قالسا بالا تولا قۇسىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. بالىنىڭ ئىككى لېۋىگە سېرىق ماي سۈرتۈپ قويىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئاغزىنى ئەچىش (ئېچىش) دەپ ئاتىلىدۇ. بوۋاقنىڭ كىندىكى كاپىلانغان باش پىيازنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كېسىلىدۇ. كىندىكنى كەسكۈچى ئايال «كىندىك ئانىسى» دەپ ئاتىلىپ بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلىنىدۇ. بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان شۇ كۈن- شۇ سائەتتە، قوشنا ئۆيلەردە ئۆلۈم- يېتىم بولۇپ قالسا، دەرھال ھازىدار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە خېمىرتۇرۇچ تاشلاپ (باشقىلارغا ئۇقتۇرماي)، ئارقىسىغا قارىماي ئىتتىك ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. مېيىت سېلىنغان جىنازا ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، جىنازا ئۆتىدىغان چاغدا، بوۋاقنى تىك (ئۆرە) ھالەتتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن بېشىنى چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆي ئىگىسى بىرەر مال سويۇپ، ئۇرۇق- تۇغقان، مەھەللە- كويىلارنى چاقىرىدۇ. باش چۈشۈرگۈچى بالىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرىدىن بولىدۇ. تاغىسى ئاۋۋال بالىغا بىرەر تۇياق مال ئىنچى (مىراس) بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاندىن چۈشۈرۈشنى باشلايدۇ. بالىنىڭ چېچىنى لاتىغا يۆگەپ ئۈجمە شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ. بالىنى تۇنجى قېتىم قولىغا ئالغان ئادەم «يالغانچى بولما، راستچىل، سەممىي ئەدەم (ئادەم) بول، چوڭ بولغاندا بەشكىغا (بېشىڭغا) دوپپى، (ياغلىق) ئەلبىردە مە (ئېلىپ بېرىمەن)» دەپ ئاندىن كۆتۈرىدۇ.

قىز بالىنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن، ئىلمان سۇغا ئالتۇن ئۈزۈك ياكى زىرە، پىننە، قىزىلگۈل بەرگى قاتارلىقلارنى چىلاپ يۇيۇلىدۇ. بۇ «چەبچەب ئېتىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

بالىسى تۇرمىغان ئاياللارنىڭ بالىسى كۆپ پەرزەنتلىك ئاياللارغا ئېمىتىلىدۇ. بۇ ئايال «ئىمىك ئانا» دەپ ئاتىلىپ، ئۆز ئانىسىغا ئوخشاش ھۆرمەتلىنىدۇ. ئىمىلداش پەرزەنتلەر ئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. بالىسى تۇرمىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە يەنە تۇداخۇن، تۇرسۇنجان، تۇردىنىياز، تۇرسۇننىياز، توختاخۇن، تۆمۈراخۇن، تۆمۈرخان، تۇدىخان، توختىخان، تۇرسۇنخان... دېگەندەك تىلەك مەنىسىدىكى ئىسىملارنى قويىدۇ.

تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قىرىقى توشۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەگەندە (تۇنجى تۇغۇتى)، بالا تۇغۇلغان ئۆينىڭ توپىسىدىن بىر سىقىم توپىنى لاتىغا چىگىپ، بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە قىستۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ.

يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ يېنىدا ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلمەيدۇ، تاسادىپىي دېيىلىپ قالسا، بالىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قازان قارىسى سۈركەپ قويىدۇ.

بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغۇچە ئۆيگە تۇز، گۆش، ئۇن ئەكىرىش بولۇپ قالسا بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

زاۋالدىن كېيىن تۇغۇتلۇق ئۆيگە سىرتتىن ئادەم كىرىشكە بولمايدۇ. كىرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بوسۇغىغا چوغ تاشلاپ چوغدىن ئاتلاپ كىرىدۇ.

بوۋاق بالا ئۆلۈپ كەتسە، باشقا ھەمراھلىرىنى سۆرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قونچاق ياساپ بىللە دەپنە قىلىدۇ.

(2) ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى پەرھىزلەر

ئۆينى سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى چوقۇم تازىلاپ بولۇش كېرەك. سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ئۆي سۈپۈرۈشكە بولمايدۇ. ئېرى يىراق سەپەرگە چىققان بولسا، ئايالى ئۈچ كۈنگىچە ئۆي سۈپۈرسە، چاچ تارىسا ئېرىنىڭ سەپىرى ئاسايىشلىق بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئاياللار ئۆي سۈپۈرۈشتە، ئاۋۋال ئىشىك تەرەپتىن تۆرگە قارىتىپ ئازراق سۈپۈرۈپ، ئاندىن تۆر تەرەپتىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ سۈپۈرىدۇ، ئەخلەتنى ئۆيدە ساقلاپ قويمايدۇ.

زاۋال ۋاقتىدا ئۇخلىسا، تالا - تۈزدە يالغۇز يۈرسە، ئۆي سۈپۈرسە، يۇندى، ئەخلەت تۆكسە يامان بولىدۇ. يۇندى، ئەخلەتنى چوقۇم كۈندۈزدە، زاۋالدىن بالدۇر تۆكۈش لازىم دەپ قارايدۇ. تىرناقنى ئىشىكنىڭ ئۆگزۈرچىكىگە تىقىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلسا زامانە ئاخىر بولغان كۈنى تىرناق بوسۇغىدا ئازغاق بولۇپ ئۈنۈپ دەججالنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەر - ئاياللار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرمايدۇ، ئەر خوتۇننى تەۋۇ، ئايال ئېرىنى ئەۋۇ دەپ ئاتايدۇ.

دۇنيا دۈشەنبە كۈنى يارىتىلغان، مەككىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دۈشەنبە كۈنى ئۇل سېلىنغان دەپ قارالغاچقا، دۈشەنبە كۈنى خاسىيەتلىك كۈن سانىلىدۇ. سەپەرگە چىققۇچىلار، توي قىلغۇچىلار ئۆي سالغۇچىلار دۈشەنبە كۈننى تاللايدۇ.

«قۇرئان»دا شەنبە كۈنى بېلىق (يەرلىك شىۋىدە بەلىق) تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىش تەلەپ قىلىنغان دەپ قارالغاچقا، شەنبە كۈنى بېلىق تۇتمايدۇ، چارشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقمايدۇ. ئۆي - يايلاق كۆچمەيدۇ، چارۋا مال ساتمايدۇ، سويمايدۇ، قەرز بەرمەيدۇ، قەرز سۈيلىمەيدۇ.

قولۇم - قوشنىلار ئارا تۇز، ئۇن، سۈت - قېتىق، تۇخۇم (ئاق رەڭلىك نەرسىلەرنى) قاتارلىق نەرسىلەرنى سورىمايدۇ. ئەرلەر چاچ - ساقالنى چارشەنبە، سەيشەنبە كۈنى ئالسا يامان، پەيشەنبە ئالسا ساۋاب بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئاياللار: سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى باش تارىمايدۇ. دۈشەنبە، جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن باش تارايدۇ. چارشەنبە كۈنى ئۆي سۈپۈرمەيدۇ، ئەمما ھەر چارشەنبە كۈنى ئۆگزە تازىلايدۇ. سەيشەنبە كۈنى باش تارىسا پۈتۈن ئائىلىگە بالا ياغىدۇ. پەيشەنبە كۈنى باش تارىسا ئېرىگە ئۆلۈم تىلىگەندەك بولىدۇ. پەيشەنبە كۈنى باش تارىسا پانىي ئالەمگە بارغاندا بېشى جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن پاتمايدۇ. جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن باش تارىسا ئەرۋاھلارنىڭ يۈزىگە يۇندى چاچرايدۇ، توي قىلمىغان قىزلار چارشەنبە كۈنى تۈگۈلۈك بېشىغا چىقىپ باش تارىسا بەختى ئېچىلىدۇ، يەكشەنبە كۈنى توڭگۇزمۇ تۈك تاشلىمايدۇ دەپ قارايدۇ.

باشقا يۇرتقا قىز چىقارغان بولسا، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭدىغان چاغدا، دەريا ئىچىدىن يەتتە تال قارا تاش، يەتتە تال ئاق تاش ئېلىپ، بۇلاق سۈيى قاچىلانغان شىشە قۇتىغا سېلىپ بېرىدۇ، قىز چاچ تارىغاندا سۇغا بۇ سۇدىن بىر تېمىم تېمىتىۋېتىپ تارىسا، ئۆزگە يۇرتنىڭ سۈيى يەكلىمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

يېڭى تارتىلغان ئۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىش ئۈچۈن، كەچتە ئۆيدىكىلەر يېتىپ بولغاندا، ئۆي ئىگىسى (يېشى چوڭ ئايال) پالتا، قىڭراق، تۇزنى قىزىتىپ، ئۇننىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ قويىدۇ. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپ، پالتا، قىڭراق، تۇزلارنى ئېلىۋېتىپ، شۇ ئورۇندىكى ئۇندىن ئىككى - ئۈچ ئوچۇم ئېلىپ تاماق ئېتىدۇ. ئۇن ئالغاندا «بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم، مېنىڭ قولۇم ئەمەس، بۇ پاتىمەنىڭ قولى، ئائىشە رەزىيەللاھۇنىڭ قولى، ھاۋا ئانامنىڭ قولى، بەرىكەتلىك بولغايسەن» دەپ دۇئا ئوقۇپ ئۇننىڭ يۈزىنى ئالىقىنىدا قىرىپ ئالىدۇ. قىرىپ ئالسا 40 كۈن، ئويۇپ ئالسا 10 كۈن يېتىدۇ دەپ قارايدۇ. كىچىك خالتىغا خېمىرتۇرۇچ، قاشتېشى، تۇز قاچىلاپ، ئۇن سالغان تاغارنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ. ئۇن تاغىرىنىڭ ئاغزىنى تۇز بىلەن باستۇرۇپ قويىدۇ، ئۇن ئالغاندا ئىشىكنى چوقۇم يېپىپ قويۇش كېرەك.

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)




# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۈن ۋە ماي

مامۇت قۇربان

بۇغداي پىشقاندا ئورنۇۋېلىنىپ، خامانغا ئېلىپ بې-رىلىپ، خامان تېپىلىپ، كىرى ئېلىنىپ پايخانداپ چەچلەپ، «بۇغداي سورۇش» (1 ـ توم، 224 ـ بەت) ئارقىلىق ئۇگۇت ئېتىلىپ، «تازىلانغان بۇغداي» «دى-ۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1ـتوم، 279 ـ بەت) تاغارلارغا قاچىلىنىپ تۈگمەنگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ھەممىلا يەردە سۇ تۈگمىنىدە ئۈن تارتىش ئومۇملاشقان، بولۇپمۇ كۈزدە ئۈن تارتقاندا خۇددى ھازىرقىدەكلا نۆۋەت بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. «دىۋان»دا: «نۆۋەت» دېگەن سۆزنى، ئۈن تارتىش، يەر سۇغىرىش نۆۋىتىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ دەپ ئىزاھ-لاپ، ئۈن تارتىش نۆۋىتى كەلگەنلەرنى «سېنىڭ نۆۋىتىڭ كەلدى» (3ـ توم، 198ـ بەت) دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئۇيغۇرلار بۇغدايدىن ئۈن تارتىش جەريانىدا چىققان «كەپەك» (1ـ توم، 507ـ بەت) نى ھازىرقىدەك «كېپەك» دەپ ئاتىشاتتى. تۈگمەندە تارتىلغان ئۈنلار خامىدىن يىغىۋېلىنىپ، تېرە ياكى قىل، بوز تاغارلارغا قا-چىلىنىپ ئېلىپ كېتىلەتتى. ئەگەر بىر مەزگىل تۈگمەندە ئۇگۇت بولماي قالسا، تۈگمەن «چۇشۇرگە» (1ـ توم، 637ـ بەت) سىدىن سۇ قۇيۇپ بېرىلەتتى ـ دە، تۈگمەن ماڭمايتتى. تۈگمەننىڭ چۇشۇرگىسى ئۆستەڭنىڭ باش قىس-مىدا بولاتتى. تۈگمەنگە بارىدىغان سۇ بولماي، تۈگمەن

چۈرۈلمىگەن بولسا، بۇنى خۇددى هازىرقىدەك «تۈگمەن ياتتى» دەپ ئاتىشاتتى.

XI ئەسىردە «بۇغداي» (3-توم، 330-بەت) دەپ ئاتىلىدىغان زىرائەتنى ئوغۇزلار «ئاشلىق» (1-توم، 154-بەت) دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەزگىللەردە، بۇغداي ئۇن قىلىنماي شۇ پېتىچە دېيىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار دېنى قاتمىغان بۇغدايلارنى خۇددى هازىرقىدەك ئوتتا پۇچۇلاپ، پۇچۇلانغان باشاقلارنى قولدا ئۇۋىلاپ، دانلىرنى چىقىرىپمۇ يەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇق بۇغداي هازىرقىدەك قۇرۇلۇپ، «قوماچ» (1-توم، 642-بەت) قىلىنىپمۇ يېيىلەتتى. «دىۋان» دا يەنە: «توب» (1-توم، 417-بەت) دېيىلىدىغان بىر خىل تاماق هەققىدە ئىزاهات بېرىپ: «بۇغداي سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئارپا خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قاچىغا سېلىنىپ ئىسسىق يەردە بولدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇغداينى دان پېتى بەزى يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇپمۇ يېيىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «بۇخسى» (1-توم، 551-بەت) دېيىلىدىغان تاماق هەققىدە مەلۇمات بېرىپ، «قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ. ئاندىن هەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قويۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ، تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ» دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بۇغداي يۇمشاق تارتىلىپمۇ يېيىلەتتى. يارما ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «يۇمشاق تارتىلغان ئۇن» (3-توم، 54-بەت) دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن هازىرقى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يارمىنىڭ قانداق تارتىلىدىغانلىقى هەققىدە «دىۋان»دىن ئېنىقراق جاۋابقا ئىگە بولۇش قىيىن. بۇغداينى يارما قىلىش بەزى يەرلەردە، بولۇپمۇ مارالبېشى قاتارلىق بىر قىسىم يەرلەردە تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-، 80-يىللىرىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان، چۈنكى ئۇلاردا تۈگمەن قىس ئىدى.

بۇغداي، قوناق ۋە ئازراق ئارپىدىن تارتىلىدىغان ئۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىدا مۇهىم رول ئوينىغان. «دىۋان»دا هازىرغىچە ئەسلىي ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «ئۇن» (1-توم، 68-بەت) هەققىدىكى بايانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇننىڭ قانچىلىك مۇهىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە بىرسىنىڭ بىرسىگە ياردەملىشىپ ئۇن تارتىشىپ بەرگەنلىكى هەققىدە توختىلىپ «ئۇ ماڭا ئۇن تارتىشىپ بەردى» (1-توم، 252-بەت) دەپ يازغانلىقىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇن تارتىشتا ئۆزئارا ياردەملىشىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «بېسىلدى»، «چىڭدالدى» (1-توم، 355-بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا، بىرىنىڭ قاچىغا ئۇننى چىڭداپ قاچىلىغانلىقى، ئۇننىڭ تاغار، خالتىلارغا چىڭداپ قاچىلىنىشى، قاپقا ئۇن قاچىلاشتا بىرى باشقا بىللە ياردەملەشكەنلىكى هەققىدە توختىلىپ: «ئۇ ئۇنىڭغا قاپقا ئۇن بېسىشىپ بەردى» (1-توم، 354-بەت) دەپمۇ يازغان.

ئۇن خېمىر قىلىنىپ يۇغۇرۇلۇشتىن بۇرۇن تاسقىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «ئەلگەلدى»، «تاسقالدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇن ئەگلەندى» (1-توم، 332-بەت)، باشقىلاردىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ دەپ ئىزاهلاپ، بۇ توغرىدا بىرىنىڭ ئۇن تاسقىغانلىقى هەققىدە توختىلىپ: «ئەلگدى» (1-توم، 374 - بەت). «ئۇ ئۇن ئەلگدى» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، يەنە بىر يېرىدە «ئەلگدى»، «تاسقىدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ ۋە بىر خوتۇن ئۆزى ئۈچۈن ئۇن «تاسقىدى» (1-توم، 338-بەت) دەپ يازغان. ئادەتتە ئەر-خوتۇنغا ياكى باشقىلارغا ئۇن تاسقاتسا ئۇنى «تاسقاتتى» (1-توم، 349-توم)، جىقراق ئۇن تاسقاشتا ياكى ئۇن تاسقاشتا بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن بولسا، «ئۇ ماڭا ئۇن تاسقىشىپ بەردى» (1-توم، 317-بەت) دەپ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇن تاسقاشنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇهىم ئىش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئۇننى تاسقاپ، ئاندىن ئېھتىياجىغا قاراپ خېمىر يۇغۇراتتى. لېكىن بەزى كىشىلەر ئالدى بىلەن بارلىق ئۇننى تاسقىۋېلىپ ياكى تاسقىتىۋېلىپ، ئاندىن تاغارلار ياكى ساندۇقلارغا قاچىلاپ، ئىچىگە قوش مۇشت چوڭلۇقىدا ئىككى-ئۈچ پارچە تاش سېلىپ قوياتتى. مۇنداق قىلىشتا ئۇلار بىرىنچىدىن، كېپەكنى هايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار داۋاملىق ئۇن تاسقاشتىن ئىبارەت ئاۋارىگەرچىلىكتىن ساقلىناتتى هەمدە تاش ئۇننى سوغۇق ساقلىغاچقا مىتە چۈشمەيتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا: «يۇغۇرتتى»، «يۇغۇرتقۇزدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇ، ئۇنىڭغا

خېمىر يۇغۇرتتى» (3-تـوم، 593-بـەت) دەپ يازـدۇ.
«دىۋان»دا يـەنە «يـۇغۇرۇشتى» دېگـەن سـۆز ئـاساسىدا
خـېمىر يـۇغۇرۇشتا بـىر-بـىرىگە يـاردەملىشىپ بېرىدىغان
ئەھۋاللارمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھمۇد كـاشغەرىي «ئـۇ،
ئۇنىڭغا خېمىر يۇغۇرۇشۇپ بەردى» (3-توم، 138-بەت)
دەپ يـازغانلىقىدىن قـارىغاندا، ئـەينى ۋاقىـتتىمۇ يـاشلار
خۇددى ھازىرقىدەك بىر-بىرىگە خېمىر يـۇغۇرۇشۇپ بې-
رىدىغان ياكى نەزىر-چىراغلاردا خېمىر يـۇغۇرۇشقا يـار-
دەملىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن ئـالغاندا،
ئۇن تاسقاش بىلەن خېمىر يۇغۇرۇش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بـولمايدىغان ئـاساسلىق مـەشغۇ-
لاتلىرىنىڭ بىر ئىدى. «دىۋان»دا ئۇننىڭ يۇغۇرۇلىدىغان
ئـۆلچىمى ھـەققىدە «بـىر يـۇغۇرۇم ئـۇن» (3-تـوم، 62-
بەت)دىن باشقا ئۆلچەم ھەققىدە سۆز قىلىنمىغان. خېمىر يۇ-
غۇرغاندا، بەزىدە سۇ كۆپ بـولۇپ كـېتىشى تـۈپەيلىدىن
خـېمىر بـوش بـولۇپ قـالىدىغان ئـەھۋاللارمۇ بـولاتتى.
بۇنداق ئەھۋالنى ئۇيغۇرلار خـېمىرنى «سـۇۋۇشىدى» (2-
توم، 138-بـەت) دەيتتـى، ھـازىر «خـېمىر بـوش بـولۇپ
قالدى» دېيىشىدۇ.

**1. تېرىدىن ياسالغان قاچىلار**

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تېرىدىن ياسىلىدىغان
ئۆي سايمانلىرى ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قـا-
رىغاندا، تۇرمۇشقا كېرەكلىك خېلى كۆپ نەرسىلەرنىڭ تې-
رىدىن يـاسىلىدىغانلىقى مـەلۇم. مـەھمۇد كـاشغـەرىي «دى-
ۋان»نـىڭ بـىر يـېرىدە «پـۇتىق» (1-تـوم، 488-بـەت)
ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنىدىغان كىچىك تـۇلۇم، ئـۇ-
نىڭدا قىمىزغا ئـوخشاش نـەرسىلەر قـاچىلىنىپ ساقلىنىدۇ،
دەپ چۈشەندۈرگەن بـولسا، كـىچىك تـۇلۇم «پـۇتىق» (1-
توم، 488-بەت)نىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «قاسۇق-
لۇق» دېگەن سۆز ئاساسىدا «قىمىز تورسۇقى بار ئادەم»
(1-توم، 647-بەت) دەپ يازىدۇ. تۇلۇم ۋە چاناچلارنىڭ
تېگىگە ئولتۇرۇپ قالغان لايقانى «دۇغ» (1-تـوم، 428-
بـەت)، دۇغنـى خـۇددى ھـازىرقىدەكلا چـاناچلارنى سـۇ
بىلەن چايقاپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كـاشغە-
رىي «دۇغ» (3-توم، 165-بەت)، «ياغ ئېرىتىلىپ ئېلىنى-
غاندىن كـېيىن قـازاننـىڭ تـېگىدە قـالغـان دۇغ»، يـەنـى
«سېرىق ياغنىڭ دۇغى» (3-تـوم، 203-بـەت). «چـاناچ»
تۇلۇم (1-توم، 464-بـەت) تـۆگە تـېرىسىدىن ئـىشلەنگەن
تۇلۇم «تېرە چېلەك» (1-تـوم، 593-بـەت) يـەنى يـاغاچ
چېلەك دەپ چۈشەندۈرگەن. «تـاغار» (1-تـوم، 535-
بەت) ئىچىگە بۇغداي، قوناق، تېرىق ۋە بـاشقا نـەرسىلەر
قاچىلىنىدىغان قـولخىنى كـۆرسەتسە، ئـەمما «قـاپ» دەپ
ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن بـۇ تـاغار قـىل تـاغارمۇ يـاكى
بۆز تاغارمۇ بـۇ ھـەقتە تـوختالمىغان. ئـۇيغۇرلار ھـازىرمۇ
قاپقا ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلايدۇ، ئىشلىتىشكە
ئەپلىك. ئادەتتە تاغار (قاپ)نىڭ يۇڭدىن تـوقۇلغىنى يـۇڭ
تاغار، يۇڭ قاپ، پاختا يىپتىن توقۇلغىنى بـۆز تـاغار (بـۆز
قـاپ)، چـىگىدىن تـوقۇلغىنى چـىگە تـاغار دېيىلـىدۇ. 200
جىڭدىن ئارتۇق ئاش ياكى باشقا نەرسە قاچىلاشقا بولىدى-
غان قولخا خۇددى ھازىرقىدەك تاغار دېيىلسە، ئۇنىڭ يې-
رىمىغىچە كېلىدىغىنى بولسا «قاپ» دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا ئـە-
سىرلەردە ئۇيغۇرلار تاغارغا ئاشلىق ياكى باشقا نـەرسىلەر
لىق توشقۇزۇلغان ھالەتنى «بىغرىغ» (1-توم، 602-بەت)
دەپ ئاتايتتى.

**2. نان**

مـەھمۇد كـاشغەرىي «دىۋان»دا، «خـېمىر» دېگـەن
سۆز ھـەققىدە مـەخسۇس تـوختالمىغان بـولسىمۇ، لـېكـىن
خېمىر يۇغۇرۇش ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قـا-
رىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ خـۇددى ھـازىرقىدەك خـېمىر
يۇغۇرۇش تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىش تۈرى ئىدى. ئوتتۇرا
ئەسىردە خېمىرنى ئەيلەشنى «ئـۆزلىدى» (1-تـوم، 376-
بەت) دەيدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۇ خې-
مىرنى چەيلەپ ئۆزلۈك قىلدى» دەپ يازغىنىدىن قارىغان-
دا، ئـۇيغۇرلارنىڭ ئـاساسلىق يـېمەكلىكلىرىنىڭ بـىرى
بولغان نان خېمىرىگە تازا ئىشلىنەتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇي-
غۇرلار خېمىرى بولدۇرۇلغان ياكى خـېمىرى بـولدۇرۇلمى-
غان (پېتىر قىلىپ) نانلارنىمۇ يـاقاتتى. ئـەمما «دىۋان»دا،
پېتىر نان ھەققىدە مەخسۇس توختالمىغان بولسىمۇ، لـېكىن
خېمىرى بولدۇرۇلغان نان دېگىنىدىن قـارىغاندا، ئـوتتۇرا
ئەسىرلەردە پېتىر نان بارلىقىدا گۇمان يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ زادى قاچاندىن بېرى نان يـېقىپ يـې-
يىشنى بىلگەنلىكى توغرىسىدا يازما مـاتېريال بـولمىسىمۇ،
لېكىن يېقىنقى 60 نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭدا ئېلىپ بې-
رىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر چـەرچەن زاغۇن-
لۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن مىلادىيە 2-، 4-ئەسىرلەر-
گە تەۋە بولغان نانلارنىڭ تېپىلىشى، قومۇلنىڭ قـارا دۆۋە

قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3000 ـ 3200 يىللارغا تەۋە
بولغان تېرىق، نانلارنىڭ تېپىلىشى نانىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ
ئاساسىي ئوزۇقلۇقى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەنئەنىۋى
ئوزۇقلۇقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
نان ۋە نان تۈرلىرى ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختىلىشى،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقتىن
قانداق پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ③. «دىۋان»ـ
دىن نانىنىڭ قانداق پىشۇرۇلۇشىغا ئائىت خېلى كۆپ مەلۇ-
ماتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، نان ئەينى زا-
مانلاردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا كان ئوچاق، تونۇر
ياكى باشقا ئوچاقلاردا پىشۇرۇلاتتى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا
ئەسىرلەردە ناۋاينى «ئەتمەكچى» (2ـتوم، 63ـبەت)
ياكى «ئۆتمەك» (3ـتوم، 78ـبەت) دەيتتى. گەرچە
«دىۋان»دا «تونۇر» دېگەن مەنىدە كېلىدىغان بىرەر
سۆزنى ئۇچراتقىلى بولىسىمۇ، لېكىن «خۇتۇن (تونۇرغا)
نان ياپتى» (3ـتوم، 78ـبەت) دېگەن سۆزىدىن، ئوتتۇ-
را ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ نان پىشۇرۇشتا تونۇرلاردىن
پايدىلانغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شىنجاڭدا ئېلىپ بې-
رىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر تونۇرنىڭ ئۇيـ-
غۇرلاردا مىلادىيەدىن ئىلگىرىمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«دىۋان»دا، ئوچاق سېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان
لاينى «ئوچاقلىق تېتىك» (1ـتوم، 203ـبەت) دېگەنلىرىدـ
گە قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئوچاقلىرى لايدىن، تونۇر
شەكلىدە ياسىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئوچاقتا نان
پىشۇرۇشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىمۇ بولۇپ، ئۇيغۇرلار
تاكى ھازىرغىچە خېمىرنى ئوچاقتىكى كۈلگە كۆمۈپ،
كۈل توقچى قىلىپ يەپ كەلمەكتە. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نانلار توغرىسىدا بىر
نەچچە يەردە ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكىنىگە قارىغاندا، خۇددى
ھازىرقىدەك ھەممىلا ئۆيدە تونۇر بولمىغان بولۇشى
مۇمكىن، يېقىن بولغان تام قوشنىلاردىلا بىرەر يەردە
تونۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار خۇددى ھازىرقى-
دەكلا «پوشكال» (1ـتوم، 628ـبەت) دېيىلىدىغان بىر
خىل يۇپقا نان (نېپىز نان) ياقاتتى. يەنە بىر خىل نانمۇ
بولۇپ، ئۇ ناھايىتى نېپىز پىشۇرۇلاتتى. بۇ خىل نان تۇتا-
تۇتماستىن ئۇشتىلىپ كەتكەچكە، ئۇنى «نېپىز قاتلىما
نان» (3ـتوم، 31ـبەت)، «تۆھمەتچى نان» دەپ ئاتايتـ-
تى. يۇپقا نانىنىڭ يەنە بىر خىلى «يارما» (3ـتوم، 44ـ
بەت) دەپمۇ ئاتىلاتتى. «دىۋان»دا يەنە ھازىرقى نانـ-
لارغا ئوخشايدىغان، لېكىن ئۇلاردىن سەل نېپىز ھەمەكتىن
سەل قېلىنراق بولغان ناننى «خۇيلىما» (1ـتوم، 544ـ
بەت) دەپ ئاتىغان. بۇ خىل نان ھازىرمۇ خوتەن، كېرىد-
يە، كەلپىن، ئاتۇش تەرەپلەردە كۆپ يېقىلىدۇ ھەم
داڭلىق، خوتەندە «دامان نان» دېيىلىدىغان يەنە بىر
خىل نانمۇ بولۇپ، گىردىدىن سەل كەڭ ئېچىلغان، ئادەتـ-
تىكى ناندىن سەل كىچىك بولغان بىر خىل نان.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا بولدۇرغان نان ھەقـ-
قىدە شۇنچە كۆپ توختىلىپ «بولدۇرغان نان» (1ـتوم،
626ـبەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار خېمىرـ-
نى بولدۇرۇپ نان ياقىدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، ئەمما
خېمىر بولدۇرۇش توغرىسىدا «دىۋان»دىن ئېنىق چۈشەنـ-
چىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن خېمىرى بولدۇرۇلـ-
غان، ياخشى پىشقان مايلىق ناننى تىلغا ئېلىشى ۋە ئۇنى
«بولدۇرغان نان» (3ـتوم، 392ـبەت) دېگىنىگە قاراپ،
ئۇلار خېمىرنى بولدۇرۇپ، ئاندىن نان پىشۇرۇپ يەيدىـ-
غانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن خېمىرنى نېمە بىلەن
بولدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىلمىگەنلىكىدىن
قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خېمىر بولدۇرۇش، خېمىر
تۇرۇچ سېلىش ئومۇملاشقان ھۈنەرگە ئايلانغان بولۇشى
مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «توقاچ» دېگەن
سۆزدىن چىقىپ «چۆرەك» (توقاچ) (1ـتوم، 504ـبەت)
«ئۇ ئۇنى توقاچ قىلدى» (3ـتوم، 466ـبەت) دەپ
يازغىنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭـ-
دىن خېلى بۇرۇنلا توقاچ ياقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىـ-
دۇ. «دىۋان»دا، «توقاچ» دېگەن مەنىدە يەنە
«توقۇچ» (1ـتوم، 464ـبەت) يەر تونۇردىكى ناننى
ئۆرۈپ-چۆرۈپ تۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىنچقا
ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق قىلىپ ياسالغان ياغاچ
يالاق «يەركۈچ» (1ـتوم، 590ـبەت)نى دەپ چۈشەنـ-
دۈرۈشتىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا توقاچ نانلارنى يەر
ئوچىقىدىن يېقىپ يەيدىغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن

كۆلدە توقاچ پىشۇرۇش ئۇسۇللىرىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلار بۇ خىل توقاچنى «كۆمەچ» (1-توم، 579-بەت) دەيتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «كۆمەچ» (1-توم، 467-بەت) ھەققىدە توختىلىپ: ئۇنى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان دەپ ئىزاھلىغان. ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ «كۆمەچ»نى كۆمۈپ يەيدۇ. شىپالىق دەپ قارايدۇ. خوتەن كۆمەچ نانلىرى بازارلىرىمىزدا داڭلىق، خېلى بىر مەزگىل تاشلىۋېتىلگەن كۆمەچ ناننىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن بېرى قايتا مەيدانغا چىقىشى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى. «دىۋان»دا «كاكچا نان» (1-توم، 590-بەت) دېيىلىدىغان سەل نېپىز، ئەمما چوڭ ئېچىپ يېقىلىدىغان، زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۇچا نېنى ھەققىدە «خەۋەرمۇ بېرىلگەن. «دىۋان»دا «بۇل تېرىق» (1-توم، 437-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ بۇغداي، تېرىقلار ئۇبدان قۇرۇتۇلماي نىقىسىپ بۇل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇراتتى.

نېپىز نانلار ئاساسەن قاتلاپ يېيىلەتتى. بۇنداق يېيىش ئۇسۇلى ھېلىھەم يېزىلىرىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاقسۇ كەلپىنىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرى بولغان كەلپىن چاپىتىسى مەخسۇس گۆش، پولۇ بىلەن بىللە يېيىلىپلا قالماي، يەنە يېمەكلىكنى ئوراپ ئېلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا ناننى تۇرمەللەش (قاتلاش) دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «نان تۇرمەل قىلىندى» (2-توم، 404-بەت)، «بىر پارچە تۇرمەل» (1-توم، 515-بەت) دەپ يازغان. «دىۋان»دا يەنە تۇرمەل نان تۇرۇشۇپ بېرىش ھەققىدە سۆزلىنىپ، «ئۇ ماڭا تۇرمەل تۇرۇشۇپ بەردى» (2-توم، 145-بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، تۇرمەل ناننىڭ ئەينى ۋاقىتتا خېلى كەڭ تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ سەۋزە سېلىنغان تۇرمەل نان كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار چوڭ-كىچىك شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ شەھەرلەشكەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا خېلى ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلەردە خۇددى ھازىرقىدەكلا مەخسۇس ناۋايچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار نان يېقىش بىلەن نان سېتىشنى كەسىپ قىلغۇچىلارنى «ناۋاي» (2-توم، 63-بەت) دەپ ئاتىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ناۋايلار ھازىرقى ناۋايلار قىلغان ئىشنى قىلاتتى. ئۇلار نانلىرىنى راسلاپ «تىكۈچ» (1-توم، 465-بەت)، يەنى چەككۈچ بىلەن ناننىڭ يۈزىنى چېكىپ، تونۇر ياكى ئوچاققا ياقاتتى. چەككۈچنى قۇش قاناتلىرىدىن ياكى مېتالدىن چىرايلىق قىلىپ ياسايتتى، قۇش قاناتلىرىدىن يۇملاق قىلىپ ياسالغىنى كۆپ ئىدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل، 109-بەت.

② ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل، 161-، 167-بەتلەر.

③ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 269-بەت.


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**




تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدا جەڭ

فەسلى داستانى ھېكايەت ①، سۆز ئېشتمەك كېرەككىم، ئول ئەھدى زۇلجەلال ② ۋە پادىشاھى بى زەۋال ③ قادىرى بەر كەمال ④، ئەدەم كىشۋەرىدىن ⑤ ۋۇجۇد نىھال خانەسىغە ⑥ قۇدرەتنەمالىغ ⑦ بىلە جەمئ ⑧ مەۋجۇداتنى پەيدا قىلدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاراسىدىن تائام خەلقىنى پەيدا قىلىپ، بەرراق ئەفزەل ⑨ كۆردىلەر. بۇلارنىڭ ئاراسىدا ماجەرا⑩، جەڭ-جېدەل تولا بولدىلار. ئۆز ئاراسىدا سۇلھۇ سەلاھ⑪ بىرلە مەنسەپ تەئىين⑫ قىلىشتىلار، گۇرۇنج ئاشنى⑬ پادىشاھ قىلدىلار، چۆچىۋرەنى ⑭ ھەكىم، چۆپنى ئىشىكئاغا⑮، ھېسىپنى يەساۋۇل، نوخۇدنى⑯ قاراۋۇل، چۇلەنى پادشەپ⑰، شاھتالىپنى ⑱ توپ بېگى، ئۆگرەنى خەزىنەچى، زاڭنى دىۋان بېگى، شورپانى مىراپ بېگى، شىرە گۇرۇنجنى ⑲، ئەئلەم ⑳، ئۆفكەنى تۇغ بېگى، سىنچاي-نى دورغا بەگ تەئىن قىلىشتىلار. ئاندىن كېيىن ھەممەلەرى جىرگەلەرىدە ㉑ قارار بەرقارار ㉒ تۇردىلار. بۇلاردىن ئىلگەرى كېكىردەك لەشكەرى تەئام لەشكەرىگە كۆز تىكىپ ماراشىپ ㉓ ئۇشاقلارنى قازاننىڭ باشىدىن ناراق㉔ قوغلاپ، ئەسلىك چوڭلارى ㉕ كېلىپ، «دەرھال بولۇڭلار، ئەرتەدىن كۇن تۇش بولدى㉖. تەئام لەشكەرى تەييار بولمامدۇر» دەپ ئالدىراشىپ ㉗ شەھرى قازاننىڭ چۆرەسىنى㉘ قورشاپ تۇردى. ۋە يەنە كېكىردەك لەشكەرى مەسلىھەت قىلدىلاركىم، «مۇبادا تائام لەشكەرى غالىپ كېلىپ، بىزلەرنى شەھىد قىلسا، بى تەھارەت㉙ ئۆلۈپ كەتمەيلى» دەپ بەش يۇزدىن مىڭ كىشى يالاڭاچ بولۇپ، باشىنى مىس نوغا تۇتۇپ ئالدىراشىپ غۇسل قىلىپ بەش يۇزدىن چاپان شەھرىدىن يەڭ دەۋازىسىدىن ئاغزىدا بوختۇرما㉚ قويۇپ تۇردى.


ایرته دین کون توتش بولدی طعام لشکری طیار بولمادور دیب.
الدیراشیب شهری قزان نینک چوره سینی قورشاب توردی
وینه لکردیک لشکری مصلحت قیلدیلار کیم مبادا طعام
لشکری غالیب کلیب بزلارنی شهید قیلکی طبهارت سا ولکو
کتمایلی دیب بش یوز دین منیک کشی تاشینی میس نوغه
توتوب الدیراشیب غسل قیلیب بش یوز دین بش یوز دین
چیقان شهریدین ینک دروازه سی نینک اغزیدا بوختورمه
قویوب توردی القصه طعام لشکری میدان طیار قیلدوروب
قزیل یاشیل بساطلارنی سالدوروب قزان شهریدین چیقیب
هر قیسی اوزیکا لایق تخت لارده اولتوروب اوزینی تخت
بیله کوترتیب میدانغه کلیب قزیل یاشیل بساطلارنینک اوستیدا اوزجرگه
لاری برله صف راست قیلیب توروب لکردیک لشکریکا ایلچی
ایبردی الکاغیچه طعام لشکری اوزجرگه لاریکا باقیب اوغینیکی
جنککا طیار قیلیب توردی شول وقتیدا لکردیک لشکری
طرافیدین بش یوز کشی راست بولوبدور دیب طعام لشکریکا

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرى مەيدان تەييار قىلدۇ-
رۇپ، قىزىل ياشىل ㉛ بىساتلارنى قازان شەھرىدىن
چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق تەختلەردە ئولتۇرۇپ،
ئۆزىنى تەخت بىلەن كۆتەرتىپ مەيدانغا كېلىپ، قىزىل،
ياشىل بىساتلارنىڭ ئۈستىدە ئۆز جىرگەلەرى بىرلە
سەپراست ㉜ قىلىپ تۇرۇپ، كېكىردەك لەشكەرىگە
ئەلچى ئىبەردى㉝. ئاتاغىچە ㉞ تائام لەشكەرى ئۆز
جىرگەلەرىگە باقىپ، ئۆزىنى جەڭگە تەييار قىلىپ تۇردى.
شول ۋاقىتدا ㉟ كېكىردەك لەشكەرى تەرەپىدىن بەش
يۈزى كىشى راست بولۇپدۇر㊱ دەپ تائام لەشكەرگە...

㊲ تائام خەلقى بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ بىر-بىرىگە خەبەر㊳
بېرىشىپ ئانداغ كېڭەش مەسلىھەت قىلدىلاركىم، مەيدان
تەرەپكە كۆزلارنى تىكىپ، چاپىشماقنىڭ، ئاتىشماقنىڭ
شىكەم ㊴ زىندانىنىڭ دەرۋازەلارىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈ-
رۈپ، تەڭتاردا ㊵ بوختۇرما قويۇپ، شەبىخۇن㊶ كەل-
تۈرمەكنىڭ فىكرىغا تۈشۈپ㊷ ھەرقايسىلارى ئۆزلەرىنىڭ
يارىغ جابدۇقلارىنى تەييار قىلىپ، مەيداننىڭ
ئۈستىدارلارىنى㊸ راسلاپ، بىر-بىرلەرى بىرلەن قىزىق
سۆزلەشىپ، ئايۋان كايۋانلارغا㊹ تائام لەشكەرى بۇس
ھولارنى ㊺ ئۆرلەتىپ چىقىپ راست قىلىپ تۇردىلەر.
ئەلقىسسە، كېكىردەك لەشكەرى تەرەپىدىن ئانداغ
بىر ماجىرا چىقتىلاركى، «خوش-خوش، پوش-پوش ئات
سالسۇنلار» دەپ نەرە ㊻ پەيدا بولدى.
ئەلقىسسە، تائام لەشكەرى تەرەپىدىن پادىشاھى
گۆرۈنج قاراۋۇل بېگى نوخۇدگە ئەمىر قىلدىلاركى،
«ئېگىز بىر جايغا چىقىپ باقىن ㊼، بۇ نېمە غەۋغادۇر»
دەپ ئېردى: قاراۋۇل بېگى نوخۇد قاراپ باقسالار، كې-
كىردەك لەشكەرى تەرەپىدىن بەش يۈز كىشى ئات سالىپ
كېلىپۋاتادۇر ㊽. پەھلەۋان ㊾ نوخۇد قېچىپ كېلىپ
خەبەر ئايتتى㊿: «ئەي پادىشاھى گۆرۈنج، كېكىردەك
لەشكەرى تەرەپىدىن بەش يۈزدىن ئات سالىپ كەلدى»
دەپ خەبەر بەردى. بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ پادىشاھى
گۆرۈنج ئاھ تارتىپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئاكر در دوست ئازدر ديل ئاكر كويم زبان سوزد،
وكر پهان كونم در سينه مغزى استخوان سۇزد.

(يۇقىرىدىكى پارسچە شېئىرنىڭ ئەسلى قول يازمىدا
ئىملا خاتالىقى بولغانلىقتىن بۇنى بىرئاز تۈزەتتۇق. توغرى-
سى مۇنداق بولىدۇ:

اکر درد است ازدر ديل، اکر کويم زبان سوزد.
اکر پنهان کنم در سينه، مغز استخوان سوزد.

يەشمىسى:

قەلبىمدە شۇنداق بىر دەرد باردۇر،
ئەگەر (شۇ ئېنىق دەردىمنى) دېسەم تىلىم كۆيەدۇر.
ئەگەر ئۇنى دېمەي قەلبىمدە پىنھان تۇتسام،
يىلىكلىرىم كۆيەدۇر).

دەپ زارە-زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ (51)
تۇرۇر ئەردىلەر. تائام لەشكەرى ئايدى: «ئەي پادىشاھى
گۆرۈنج سىزگە نېمە بولدى» دېدى. پادىشاھى گۆرۈنج

ئايتتىلاركى، «كېكىردەك لەشكەرى تەرەپىدىن بەش مىڭ كىشى كېلىپدۇرمىش» دېدى.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرى ئايتتىكىم، «ئەي پادىشاھ گۈرۈنج، غەم يېمەسۇنلار52، جانىمىزنىڭ بارىچە جەڭ قىلۇرمىز، ئۇلار غالىپ كەلسە بىز ھەم مەسلەھەت بىرلەن تەڭتار يەرنى 53 توساپ، كۆزلەرنى ئالايتۇرۇپ باقىپ 54 ھەيىق تۇتۇرۇپ 55 جەڭ قىلۇرمىز» دېدىلەر.

ئەلقىسسە، پادىشاھى گۈرۈنج يارلىق قىلدىكى، «تائام لەشكەرى ھەم سەفلەرنى راست قىلسۇنلار» دەپ ئۆزى ھەم گوشتنى 56 ئۇمۇد كىران 57 قىلىپ، نوخۇدنى قاراۋۇل قويۇپ جۇببە جەۋشەن 58 كېيىپ، دەبدەبە ئەسەسەلەر59 بىلەن كېلىپ تۇردى. ئاندىن پەھلىۋان ئۆفكەگە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان ئۆفكەگە تۇغ بېگىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. بىيت:

چىقتى قازان قەلئەسىدىن بىر تۇمان،
كىمدۇر دېسە ئۆفكە دېگەن پەھلىۋان.

ئەلقىسسە، پەھلىۋان ئۆفكە قىزارىپ، تىتەرىپ60، ئېسىلىپ، جەمالىپ 61 ئۆزىنى سۆدرەتىپ62 كېلىپ پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ ئوڭ يانىدا قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان چۆچىۋرەگە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان چۆچۈرەگە ھەكىملىق مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلىۋان چۆچۈرە ھەم باشىغا سارىغ63 ياشىل ئەلەملەرنى 64 كۆتەرىپ ئۆزىنى ئانداغ ياسادىكىم، گوشتلارنى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۆزىنى رۇستەمى داستاندىن 65 زىيادە چاغلاپ بەلنى يەتمىش ئىككى يەردىن باغلاپ باشىگە كەيگەن قالفاقلارنى قىرلاپ ئۆزىگە تەممەننا قويۇپ، چامغۇرنى ئۇمۇدكىران قىلىپ، شەھرى چىنە-كەسەلەرگە 66 كىرىپ، پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ ئوڭ تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان چۆپكە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان چۆپكە ئىشكئاغالىق مەنسەپ تېگىپ ئەدى.

ئەلقىسسە، پەھلىۋان چۆپ ئۆزىگە زىبە زىننەت 67 بېرىپ، چامغۇرنى ئۇمۇد 68 قىلىپ، پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ ئوڭ تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان ئۆگرەگە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان ئۆگرەگە خەزىنەچىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلىۋان ئۆگرە ھەم ئۆزىگە زىبە زىننەت بېرىپ يىفدەك 69 سوزالاپ 70، باشىغا ياشىل بايراق كۆتەرىپ زۇمۇرەتدىن 71 زەبەرجەددىن 72 كۆز قويغان تونلارنى كىيىپ، شەھرى قەدەھلەردە قە-

فصل داستان حکایت سوزاشتماک کرک کم اول احدی
ذو الجلال و پادشاهی بی زوال قادری بر کمال عدم کشوریدین
وجود نهال خانه سیغه قدرت نمالیغ بیله جمیع موجوداتنی
پیدا قیلدی لار زوا ولارنینک اراسیدین طعام خلقنی پیدا
قیلیب براق افضل کوردیلار بولارنینک اراسیدا ماجرا جنک
جدل تولا بولدیلار اوزاراسیدا اصلیح صلاح برله منصب
تعیین قیلشتیلار کروننج آشنی پادشا قیلدیلار جوجبرنی
حکیم جوف نی ایشکاغه حسیب نی یساول نخود نی قراول
چوک نی پادشب شا طالب نی توف بیکی اوکره نی خزینه چی
ذانکنی دیوان بیکی شوربه نی مراب بیکی شیره کرونجنی
اعلم او فکانی توغ بیکی سینچای نی دورغه بیک تعیین
قیلشتیلار اندین کین همه لاری اوز جیر کالاریدا قرار مقرار
تور دیلار بولاردین ایلکاری لگر دیک لشکری طعامنینک کا
کوز تیکیب مراشیب اوشاقلارینی قزان نینک باشیدین
ناراق قوغلاب اسلیک چونکلاری کلیب درحال بولونکلا
ایردی

دەھلەردە ئولتۇرۇپ، پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ سول تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان چۆلۆگە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان چۆلۆگە پاشەپ 73 مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلىۋان چۆلە ھەم كوچالارنى كەمرۇتۇپ 74 دۇمباقچىلارنى يىغىپ دۇمباقلارنى چالدۇرۇپ، بىرنى ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، بىرنى ئارقاسىغا ماڭدۇرۇپ، قىزىل ياقۇتدىن 75 ئۇمۇد كۆتەرىپ پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ سول تەرىپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان شاھتالىپكە خەبەر يەتتىكى، پەھلىۋانگە توپ بېگىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم توپ تايىۇ 76 زەمبۇرەكلارنى راسلاپ، پادىشاھى گۈرۈنجنىڭ سول تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان شورپا گۈرۈنجغا

(77) خەبەر يەتتى. پەھلىۋان شورپا گۇرۇنجگە ئەئلەملىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلىۋان شورپا گۇرۇنج ھەم باشگە ياشىل دەستار (78) يۆرگەپ، قىزىل يائقۇتلار بىلە ئۆزىگە زىبە زىننەت بېرىپ، خاسەلىك سەيفۇرلارنى (79) باشغا تۇتۇپ، پادىشاھى گۇرۇنجنىڭ ئوڭ تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان ھەسىپكە (80) خەبەر يەتتى. پەھلىۋان ھەسىپكە كارناي بېگىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم كارنايچىلارنى يىغىپ كارنايلارنى بات بۇت (81) تارتىپ ئىسىلىپ جىمىلىپ (82) يىلاندەك تولغانىپ، قەددىنى راست قىلىپ پادىشاھى گۇرۇنجنىڭ ئوڭ يانىدا قارار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان زاڭگە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان زاڭگە ھەم دىۋان بېگىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم سېرىق تەھتىللادا (83) تون كىيىپ، قىزىل لەھەلدە (84) ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، پادىشاھى گۇرۇنجنىڭ سول تەرەپىدە قارار تاپتى. ئانىڭ


طعام خلقی بو خبرنی انکلاب بر بر یکا خبر بر یشیب
اندین کینکاش مصلحت قیلدیلار کیم میدان طرفیکه
کوزلارینی تکیب چقیش ماقی نینک اطیشماق
نینک شکم زندانی نینک دروازه لاریغا اوت قویوب کویدوروب
تنکه تاردا بو ختومه قویوب شبیخون کلتورماک نینک فکریغه
توشوب بر قانچه لاری اوزلاری نینک یراغ جابدوق
لارینی طلی یار قلیب میدان نینک استعدارلارینی
راسلاب بر بر لاری برلان قیتریق سوزلاشیب
ایوان کیوان لاریغ طعام لشکری بو سس بیولارینی
اورلاتیب صف راست قلیب چقیب توردیلار القصه کیکردیک لشکری
طرفیدین اندغ بر ماجرا حیقتی لارکه خوشن خوش
فوشی نحوشی اط سالهون لار دیب نره پیدا بولدی
القصه طعام لشکری طرفیدین پادشاه گورونج
قراول بیکی نخود کا امر قیلدیلارکه اکیز بر جایغه چقیب
باقین بونه غوغا دور دیب اردی قراول بیکی نخود قاراب

ئارقاسىدىن پەھلىۋان چەپاتەگە (85) خەبەر يەتتى. پەھلىۋان چەپاتە بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ ئانداغ يىغلادىكىم، «مەن بىر ئاجىز ئورۇق، تەبىئىتىم نازۇك قالتاق (86) ئىدى. مەن نېچۈك (87) قىلۇرمەن. بىر ئۇرسا پارچە-پارچە بولۇرمەن»

دەپ ئايدى. شول زەمان پەھلىۋان توقاچ ھازىر بولۇپ ئايتتى: «ئەي چەپايە ساڭا نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن، قورۇقماغىل (88) ئول بالا كەلسە ماڭا كېلەدۇر، ئاندىن ساڭا كېلەدۇر» دەپ ئايدى. چەفاتەغە خىلە (89) قۇۋۋەت ھاسىل بولدى.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرى بىرىن بىرىن فەرىق-فەرىق، كەرۇ-كەرۇ كېلىپ (90) سەپلەرىنى راست قىلىپ تۇردى. شول ئەسنادا كېكىردەك لەشكەرى تەرەپىدىن مىلك بەشيۈز كىشى ئات سالىپ ئانداغ قاتتىغ جەڭ قىلدىلاركىم، بۆرى قويغا چاپقاندەك، ئوت قومۇشقا تۇتاشقاندەك، ئۇلۇغ دەريا مەۋج ئۇرغاندەك، رۇستەم داستان مازاندەراندا (91) جەڭ قىلغاندەك قەڭ بولدىكىم، بېيت:

تاراققۇ تۇرۇققۇ ئۇمۇدى كىران،
جەھان بولدى بازار مەسلى (92) ئاھەنگىران (93)
نە ھىندۇ، نە سىندۇ (94)، نە گەردەن (95) ئەساس (96)،
كى يوقتۇر ماڭا تائام لەشكەرىدىن ھىراس (97)
ھىراسىم يوقدۇركى نەرەئى فىل (98)
ئاقىزۇرمەن قانىڭنى دەريا رۇدى نىل (99)

ئاقىبەتۇلئەمر (100) كېكىردەك لەشكەرى غالىپ كېلىپ قەلئەلەرنى بۇزۇپ، دەرۋازەلەرنى ئۇشاتىپ (101)، تائام لەشكەرىنى تۇتۇپ، زىندانى شىكەمغە دەرقەيدبەندگە (102) تارتتى. تائام لەشكەرى يەنە ئۆز تەمەنناسىنى قويماي كېڭەشىپ بىر تەڭتار يەرنى توسۇپ بىر ئىش قىلۇرمىز دەپ كېتىپ بارۇر ئەردىلار. ئارقاسىدىن (103) پەھلىۋان سىناچاينى تۇتۇپ تاشلادى. پەھلىۋان سىن سىن چاي زىندان شىكەمنىڭ تۆپىگە (104) تائام لەشكەرنىڭ ئارقاسىدىن يېتىپ كېلىپ، ھەرقايسىغا ئۆز لايىقدا جاي تەئىن قىلىپ توپلاشىپ قالغان لەشكەرلەرنى پادىشاھى گۇرۇنج باشلىغىن ھەممەسىنى جابەجا (105) تارقاتىپ، ئۆز مەنزىللارىغە ئولتۇرغۇزدىلار. تا ئول دەمدىن بۇ دەمغەچە (106) تائام لەشكەرى كېكىردەك لەشكەرىگە ئەسىر بولماق ئالدىن قالدى. ئەمما تائام لەشكەرى نەچچەند زەمان (107) زىندانى شىكەمدە ياتىپ نەھايىتى

زىرىكىپ خۇنۇقۇپ ⑩⑧ بىر ـ بىرىگە ئـايدىلار: «ئـەمدى، بىر ئىلاج قىلىپ بۇ زىنداندىن خالاس بولماقنىڭ فىكرىنى قىلايلى» دەپ ئـايدى. شاھتالىپ تـوپىيىگى بـىلەن چۆلە پادىشەپ ئـككىيلەن ئـايتىكىم، «مـەن بـىر مـەسلەھەت تاپتىم، بۇ زىنداندىن چىقادۇرغاننىڭ ئـىلاج ئـولدۇركى، بىزلەر شول زىنداننىڭ تۆبەنكى ⑩⑨ مـەسخىرە ⑪⓪ دەرۋا- زەسىنىڭ ئـالدىغا بـارىپ تـوپ تـايپۇ، زەمبـەرەكلەرنى راستلاپ، بىردىن- بىردىن قويۇپ بېرەلى ⑪①. ئـانىڭ ئـا- ۋازلارىدىن كېكىردەك لـەشكەرى قـاچارلار. دەرۋازە كۇشادە ⑪② بولۇر، ئاندىن جانىمىزنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى ياقاغا ئالايلى، بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ كۆن كۆرەلى⑪③» دېدى. بۇ سۆز ھەممە تائام لەشكەرىگە مەئقۇل ئاڭلاندى ⑪④. شۇبۇ سۆز بىرلەن تائام لەشكەرى شىكەم زىنداننىڭ تۆبەنكى دەرۋازەسىغا كېلىپ، تـوپ زەمبـەرەكلەرنى چەڭبەنلەپ⑪⑤ ھەر تەرەپلەردىن ئانداغ قويۇپ بەردىلەر- كىم، ئانىڭ ئاۋازىدىن ھەم كېكىردەك لەشكەرى ئىشتىپ، «ۋاي ئـەمدى ئـىش يـامان بـولدى، دىمـاغىمىزنى يـوق ئەتتى، ئىشتانىمىزنى پوق ئەتتى، ھەلى ⑪⑥ ئوق تېگەدۇر، بۇگۈن قاچماساق قاچان قاچارمىز» دەپ ئالدىراشىپ، با- شىدىن دوپپاسى ⑪⑦ تۈشۈپ قالسا باقماي، سونگەچىنى ⑪⑧ قاشلاپ، ئىشتان باغىنى ئەتكەلى ئالدىراپ، بىرسى ئاندا، بىرسى مۇندا ھەرقايىسلارى كۆڭلى خاھلاغان ⑪⑨ يـەرگە بارىپ قوياپ بەردىلەر. تائام لەشكەرى قاراسالار كېكىر- دەك لەشكەرى بىخۇد ⑫⓪ مەست بولۇپ، بۇرۇنلارىنى تۆ- تۈشۈپ قـالغانلادىن خـەبەر يـوق، ھـەيران ۋە ساراسىمە بـولۇپ شـىكەم زىندانـىنىڭ تـۆبەنكى دەرۋازەسـىنى زور ئاچىپ، تائام لەشكەرىنى قوغلاپ چىقارىپ، ئۆزى جانلا- رىنى ئاران ياقاغا ئالدى.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرى بىچارەلەر نەچچەند ۋاقت ⑫① قاراڭغۇ جايلاردا تـۇرۇپ، روشـەنالىق ⑫② ۋە يـورۇق جەھاننى كۆركەنىگە نەھايىتى خوشۇەقت ⑫③ بولۇپ، نەرى بـارى ⑫④ دېسە پۇت- قـوللارىنىڭ مـەجالى يـوق، تـام تۆبىدە ⑫⑤ بوينىنى قـىسىپ ئـافتاپ ئـىسسىپ، چىبىن ⑫⑥، پاشالارغا، قۇرت ۋە قـوڭغۇزلارغا يـەم بـولۇپ تـۇرار ئەردى. سەھرالىق ئادەملەر ئاڭلاپ نـەھايىتى ئـچىنى ئـا- غىرتىپ سەھراغا ئالىپ چىقىپ قويالى، شامال يەپ تـاماشا قىلسۇن دەپ، ئۇلاغ تاغار ئالىپ كىرىپ بۇ بىچارەلەرنى تاغارغا سولاپ ئـىشەكلەرگە يـۈكلەپ ⑫⑦ سـەھراغا ئـالىپ چىقىپ كەڭرۇ ⑫⑧ يەر تـەئىن قـىلىپ، بۇلانى جابەجا ⑫⑨ قـويۇپ ئـەدىلەر. سـەھرانىڭ ھـەۋاسى بـۇلارغا يـاراشماي ھەممەسى ئۆلۈپ توپاغا ئالىشىپ ⑬⓪ كـەتتى دەپ، ئـەھلى تەسەۋۋۇفلار⑬① بۇ سۆزنى تەمام قىلدى.

① فەسلى داستانى ھېكايەت ــ ھېكايە داستاننىڭ پەسلى، ② ئەھدى زۆلجەلال ــ ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگە- سى، ③ بى زەۋال ــ دائىمى، ④ بەركەمال ــ كامالەتكە يەتكەن، مۇكەممەل، ⑤ ئـەدەم كـىشۇەرىدىن ــ يـوقلۇق مەملىكتى، ئۇ دۇنيا، ⑥ نـەھال خـانەسى ــ بـاغ، كۆچەتلىك، ⑦ قۇدرەتنامە مـالىغ ــ قۇدرەتلىك، ⑧ جـەمئ ــ پۈتكۈل، جىمى، ⑨ بەرراق ئەفزەل ــ ھەممىدىن ئەۋزەل، ⑩ ماجەرا ــ ماجىرا، ⑪ سۇلھۇ سەلاھ ــ سۈلھ ـ سالا

⑫ تـەئىين ــ تـەينلەش، بـەلگىلەش، ⑬ گـۇرۇنج ئـاش ــ بـۇ يـەردە پـولۇنى دېمـەكچى، ⑭ چۆچۈرە ــ چۆچۈرە، ⑮ ئىشكئاغا ــ بۇرۇنقى خان ئوردىسىدا تۇرۇپ ئىشىككە قارايدىغان، ئوردا ئىشكىدىن كىرگەن خاس- ئە- مەلدار ۋە باشقىلارنىڭ كىرگەن- چىقۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدىغان كىشى، ⑯ نوخۇد ــ نوقۇت، ⑰ پادشەپ ــ كېچە- سى شەھەر، بازارلارنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار، پاششاپ، ⑱ شاھتالىپ ــ بىر خىل تاماق، ⑲ شىرە گۇرۇنج ــ شو- ۋىگۇرۇچ ئاش، ⑳ ئەئلەم ــ دانىشمەن، ㉑ جىرگە ــ دائىرە، توپ، ㉒ قارار بەر قارار ــ تەييار تۇرۇش، ㉓ مارا- شىپ ــ مارىشىپ، ㉔ ناراق ــ نېرى، ㉕ ئەسلىك ــ ئـەقىللىق، ㉖ ئـەرتەدىن كۆن تـۆش بـولدى ــ كۆن چۈش بولدى، ㉗ ئالدىراشىپ ــ ئالدىرىشىپ، ㉘ چۆرەسىنى ــ ئەتراپىنى، چۆرىسىنى، ㉙ بى تەھارەت ــ تـاھارەتسىز، ㉚ بوختۇرما ــ بۆكتۈرمە، ㉛ ياشىل ــ يېشىل، ㉜ سەپراست ــ ئۆز رىتى، قـاتارى بـىلەن، ㉝ ئـىبەردى ــ ئـەۋەتتى، ㉞ ئاڭاغىچە ــ ئاڭغىچە، ㉟ شول ۋاقتتا ــ شۇ ۋاقىتتا، ㊱ راست بولۇش ــ تەييار بولۇش، ㊲ ئەسلي مەتنىدە بۇ يەر چۈشۈپ قـالغان، ㊳ خـەبەر ــ خـەۋەر، ㊴ شىكەم ــ قـورساق، قـىرىن، ئـاشقازان، ㊵ تـەڭتار ــ كېكىردەك، بوغۇز، گال، ㊶ شەبىخۇن ــ كېچىسى تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇم، ㊷ فىكرىغا تۈشۈپ ــ مـەسلەھەتنى قـىلىشىپ، ㊸

ئىستىشدار — ئۇرۇش مەيدانى، (44) ئايۋان - كارۋان — بۇ كىيىم - كېچەك دېگەنگە ئوخشاش قوشما سۆز بولۇپ، ئايۋان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، (45) بۇس ھولارنى چىقىرىپ — بۇسبۇقىناق چىقىرىپ، (46) نەرە — قاتتىق ئاۋاز، نەرە تارتىش، (47) باق — قاراش، كۆزىتىش، (48) كېلىپۋاتادۇر — كېلىۋاتىدۇ، (49) پەھلەۋان — پەھلىۋان، (50) خەبەر ئايىتتى — خەۋەر قىلدى، (51) چۈن ئەبرى نەۋبەھار ژىغلاپ — باھار بۇلۇتىدەك يىغلاپ، (52) غەم يېمەسۇنلار — غەم يېمىسۇن، (53) تەڭتار يەر — تار بىر جاي، (54) كۆزلەرنى ئالايتۇرۇپ باقىپ — كۆزلەرنى ئالايتىپ قاراپ، (55) ھەيىق ھەيىق تۇتتۇرۇش — ھىق تۇتۇش، (56) گوشت — گۆش، (57) ئۇمۇد كىران — قەدىمكى جەڭ قورالى، (58) جۇببە جەۋشەن — ھەشەمەتلىك دۇبۇلغا ساۋۇت، (59) دەبدەبە ئەسئەسە — ھەيۋەت داغۇدۇغا، (60) تىتەرىپ — تىترەپ، (61) جەمالىپ — چىرايلىق ياسىنىپ، چىرايلىق قىلىپ، (62) سۆدرەتىپ — سۆرىتىپ، (63) سارىغ — سېرىق، (64) ئەلەم — تۇغ، بايراق، (65) رۇستەمى داستان — پارسلارنىڭ مەشھۇر داستانى «شاھنامە»دىكى قەھرىمانىنىڭ ئىسمى، (66) چىنە — كاسە — چىنە، قاچا قۇچا، (67) زىبە - زىنەت — ئۆزىنى ياساپ، ئۆزىنى زىنىنەتلەپ، ئۆزىنى پەردازلاپ، (68) ئۇمۇد — قەدىمكى ئۇرۇش قورالى، (69) يىق — يىپ، (70) سوزالىپ — سوزۇلۇپ، (71) زۇمۇرەت — بىر خىل يېشىل، سۈزۈك تاش، (72) زەبەرجەد — قىممەت باھا تاش، (73) پاشەپ — پاششاپ، (74) كەڭرۇتۇپ — كېڭەيتىپ، (75) يائقۇت — ياقۇت، (76) توپ تايپۇ — بىر زەمبىرەككە ئوخشاش ئۇرۇش قورالى، (77) شورپا گۇرۇنج — بۇ يەردە باشتا دېيىلگەن «شىرە گۇرۇنج — شوۋنگۇرۇنج»نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى، (78) دەستار — سەللە، (79) سەيفۇر — نېپىز رەخت، ئەتلەس، (80) ھەسىپ — ھېسىپ، ئۆپكى - ھېسىپ، (81) بات - بۇت — بۇ بىر تەقلىد سۆز بولۇپ، ئادەم دېمىقىنى تارتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز، پات - پۇت، (82) ئىسلىپ - جىملىپ — ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئېتىپ، (83) تەھتىللا — تەتىللا، ئۇرۇشى ياكى گۈلى زەر يېپتىن، يىپەكتىن توقۇلغان بىر خىل رەخت، (84) لەھەل — قىزىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش؛ قىزىل ياقۇت؛ نادىر، قىممەتلىك، تېپىلماس، (85) چەپاتە نېپىز كۆمەچكە ئوخشاش بىر خىل تاماق بولۇپ، (86) قالتاق — قالتاغاي، قورقۇنچاق، (87) نېچۈك — قانداق، (88) قورۇقماغىل — قورقمىغىن، (89) خىلە — خىلى، (90) فەرق — فەرق، كەرۇ - كەرۇ كېلىپ — بىر سەپ ھاسىل قىلىپ، (91) مازەندەرا — ئىراننىڭ بىر ئۆلىسى، (92) مەسلى — مەسىللىك، ئوخشاش، (93) ئاھەنگران — تۆمۈرچى، (94) سىندۇ — ھازىرقى پاكىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى، (95) گەردەن — گەدەن، بويۇن، (96) ئەساس — توققۇز كۆز، (97) ھىراس — قورقۇش، (98) نەرەئى فىل — ھۆركىرەيدىغان پىل، (99) دەريا رۇدى نىل — نىل دەرياسى، (100) ئاقىبەتۇلئەمر — ئاخىرى، (101) ئۇشاتىپ — بۇزۇپ، (102) دەرقەيدىبەند — زىندانغا تاشلاش، قاماش، ھەپسىگە ئېلىش، تۇرمىگە تاشلاش، (103) ئارقاسىدىن — ئارقىسىدىن، (104) تۆپىگە — ئۈستىگە، (105) جابەجا — ئۇياق - بۇياققا تارقىتىپ، (106) ئول دەمدىن بۇ دەمغەچە — بۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە، (107) نەچچەند زەمان — نەچچە زامان، (108) خونۇقۇش — قاتتىق قورقۇش، (109) تۆبەنكى — تۆۋەنكى، (110) مەسخەرە — مەقەت، (111) قويۇپ بېرەلى — قويۇپ بېرەيلى، (112) كۇشادە — كەڭرى، كەڭ، كەڭ - كۇشادە، (113) كۆرەلى — كۆرەيلى، (114) مەئقۇل ئاڭلاندى — خوش كېلىش، ياقتى، ماقۇل كۆردى، (115) چەڭبەنلەپ — چەنلەپ، (116) ھەلى - ھېلى بىكار، ھېلى، (117) دوپاسى — دوپپىسى، (118) سونگەچ — سۆڭگەچ، (119) خاھلاغان — خالىغان، (120) بىخۇد — ھوشسىز، ھوشىنى يوقاتقان، (121) نەچچەند ۋەقت — ئۇزۇن ۋاقىت، (122) روشەنالىق — يورۇق، نۇرلۇق، (123) خوشۋەقت — خۇشال، (124) نەرى بارى — نېرى بار، نېرى ئۆت، نېرى كەت، (125) تۇبىدە — تۆۋىدە، (126) چىبىن — چىۋىن، (127) يۇكلەپ — ئارتىپ، (128) كەڭرۇ - كەڭرى، (129) جابەجا — ھەر تەرەپكە تارقىتىش، (130) ئالىشىپ — ئېلىشىپ، (131) تەسەۋۋۇپ — ئىسلام دىنىدىكى سوفى تەرىقىتى.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ**

(ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)

# ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا



ئىلھام ئەلى

### ئەل ئىچى رەسساملىقى

**بىرىنچى، ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ ئۇقۇم ئېنىقلىمىسى**

ئەل ئىچى رەسساملىقى يىلتىزى خەلق ئاممىسى ئىچىگە تىكىلگەن بىر خىل ساپ سەنئەت. ئۇ ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى يارىتىپ ئۆزلىرى ھوزۇرلىنىدىغان ئەمەلىي سەنئەت بولۇپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ سەنئەت ئۈچۈنلا يارىتىلىدىغان سەنئەت بولماستىن، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش تەلىپىگە ماسلىشىدىغان، ئىدىيەۋى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، شۇنداقلا تۇرمۇش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە. مەسىلەن، نەققاشلار، سىرچىلار، تام بېزەك ئۇستىلىرى ۋە يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان بارلىققا كېلىپ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دېھقان رەسساملىرى قاتارلىقلار دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ تۆھپىكارلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى، ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە لايىھەلەشكە بولغان تەسىرى**

ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ باشقا گۈزەل سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەل ئىچى رەسساملىقى تۇرمۇشتا ئەمەلىيلىككە ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇش قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەل ئىچى رەسساملىقى مەنىۋى گۈزەللىككە ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ مەنىۋى گۈزەللىك ئۆلچىمى خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن بار بولغان ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەل ئىچى رەسساملىقى ئىپتىدائىي رەسساملىقنىڭ داۋامى بولۇشى بىلەن بىللە ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقىنىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەل ئىچى رەسساملىقى مىللىي ئۆرپ-ئادەت پائالىيىتى بىلەن ماسلاشقان بولغاچقا، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ماددىيلاشقان شەكلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەل ئىچى رەسساملىقىدىكى بىر قىسىم

ئەسەرلەر، ماھىيەتتە ئېتنوگرافىيەلىك پىسخىكا ۋە ئېتنوگرافىيەلىك كۆز قاراشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدىكى ئۆي جاھازىلىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە شۇ كىشىلەر توپىنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى، پىسخىكىسى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئېتنوگرافىيە پائالىيەتلىرى ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە كۆپ مىقداردىكى خام ماتېرىيال ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئەل ئىچى رەسساملىقى بەلگىلىك تۈپ مەنبەلىككە ئىگە. ئەل ئىچى رەسساملىقىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئىپتىدائىي شەكىللىرىنى ئىپتىدائىي سەنئەتتىن ئىزدەپ تېپىشقا تامامەن بولىدۇ. خۇددى ماركىس ئېيتقاندەك، ھەرقانداق يۇقىرى قاتلامدىكى نەپىس مەدەنىيەتنىڭمۇ ئەڭ تۈپكى نېگىزى يەنىلا ئىپتىدائىي سەنئەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ئەل ئىچى رەسساملىقمۇ «ئائىلىق مەدەنىيەت» ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

ئەل ئىچى رەسساملىقىدا دېھقانلار رەسىملىرى ناھايىتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئۆرپ-ئادەت خاسلىقى بولۇپمۇ رەڭ ئىشلىتىش، ئوبرازلىق تەپەككۇر، رەسساملىقنىڭ ھېچقانداق قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدىغان، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە قىزىقىشى ئەكس ئېتىدۇ. دېھقان رەسساملىقىدا غايىمۇ، رېئاللىقمۇ بار، تەپەككۇر ۋە رەڭ ئىشلىتىش جەھەتتە ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى رەڭگارەڭ دۇن-



يادا ئىپادىلەيدۇ.

### بەدىئىي لايىھەلەش

### بىرىنچى بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ قىسقىچە تەبىرى

بەدىئىي لايىھەلەش جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بەدىئىي لايىھەلەش بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت ئوخشىمايدۇ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ گەۋدىلەندۈرىدىغىنى بولسا، سەنئەتكارنىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، سەنئەت ۋە ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى بەدىئىي لايىھەلەش ئوخشىمايدۇ، بەدىئىي لايىھەلەش بىر تەرەپتىن، سەنئەتلىككە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەمەلىيلىكى سەنئەتلىكىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەمەلىيەتچانلىق بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بەدىئىي لايىھەلەشتە ماددىي مەنپەئەتنى ئويلاشماي بولمايدۇ. يەنى خەلق تۇرمۇشنى ئىمكان قەدەر مول بولغان ماددىي بايلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇڭلاشقا بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ مەقسىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەپ ئېيتالايمىز.

### ئىككىنچى، بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، بەدىئىي لايىھەلەش ئىقتىسادىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بەدىئىي لايىھەلەش بىر خىل ئىقتىسادىي ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللىقاچان بىر دۆلەت، كارخانا ۋە ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئامىلغا ئايلاندى؛ ئىككىنچىدىن، بەدىئىي لايىھەلەش يۇقىرى تېخنىكىچانلىققا ئىگە. پەن-تېخنىكا ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل بايلىق، بۇ بايلىقتىن ھەقىقىي پايدىلىنىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى دەل بەدىئىي لايىھەلەش. ئۇ، ئەمەلىيەتتە، پەن-تېخنىكىنىڭ ماددىلاشقان ھالىتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پەن-تېخنىكىنىڭ تاۋارلاشقان ھالىتى؛ ئۈچىنچىدىن، بەدىئىي لايىھەلەش مەدەنىيەتچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ مەدەنىيەتچانلىقى ئۇنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋى لايىھەلەشكە بولغان تەسىرى ۋە بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىي لايىھەلەش

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندىكىنىڭ مەھسۇلى، مۇنەۋۋەر بەدىئىي لايىھە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان بىر تۆھپە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولالايدۇ.

**ئەل ئىچى رەسساملىقى ۋە بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ مۇناسىۋىتى**

**بىرىنچى، ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ تارىخىي مەنبەسى**

ئەل ئىچى رەسساملىقى، ماھىيەتتە ئىپتىدائىي رەسساملىقنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات داۋامىدا ئەل ئىچى رەسساملىقى يەنىلا سەنئەتنىڭ ئاددىيلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. لېكىن، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمگەك پائالىيىتى بىلەن ئەگىشىپ ماڭغان. كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئەل ئىچى رەسساملىقىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان چاغدا، ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن بەدىئىي لايىھەلەش بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن.

**ئىككىنچى، ئەل ئىچى رەسساملىقى بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ مەنبەسى**

خەلق تۇرمۇشىدا ئەسلىدىنلا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خام ماتېرىياللىرى ساقلانغان بولىدۇ. بۇ بىر خىل تەبىئىي، قوپال، ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئاساسىي نەرسە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ نەرسىلەر دەل ئەدەبىيات-سەنئەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان، ئەدەبىيات-سەنئەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا ئىچىپ تۈگىمەيدىغان بۇلاق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان، پۈتۈنلەي خەلققە تەۋە بولغان ئەل ئىچى رەسساملىقى دەل بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەل ئىچى رەسساملىقى ھەم ئېقىن، ھەم مەنبە؛ شۇنداقلا كۈچلۈك مىللىي خاسلىققا ئىگە. بەدىئىي لايىھەلەش بولسا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەل ئىچى رەسساملىقىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئارقىلىقلا ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىي قىلالايدۇ. دېمەك، نۆۋەتتىكى زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلەش ئەل ئىچى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ، ئەل ئىچى رەسساملىقىدىن ئۆگىنىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن خەلقنى جەلپ قىلىدىغان مۇنەۋۋەر بەدىئىي لايىھە ئەسەرلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.



**ئۈچىنچىدىن، ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ بىرىكىشى**

زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلەشنىڭ تەرەققىياتى ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن زىچ بىرىككەن ھەر مىللەت ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغان زامانىۋى لايىھەلەش ئۇسلۇبىغا ئېھتىياجلىق. شۇڭلاشقا ئەل ئىچى رەسساملىقى بىلەن زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلەش ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي بىرىكمە مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

نۆۋەتتە، جەمئىيىتىمىزدە ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى رەسساملىقىنى ئاساس قىلغان سەنئەت لايىھەلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق يارىتىلغان ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقى، نەپىسلىكى، ئەنئەنىۋىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن كەڭ سەنئەت ساھەسىدە يۈز تاپماقتا.

2008 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى دېھقان رەسساملىرىمىزنىڭ 35 پارچە رەسىمى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلىرىدە كۆرگەزمە قىلىندى. دېمەك، زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلەشتە ئەل ئىچى رەسساملىقىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىش، ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ئەسەرلەردە مۇجەسسەملەش ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقىشى، خەلقنىڭ قارشى ئېلىشى، شۇنداقلا سەنئەت ساھەسىدە تونۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: بورتالا ئوبلاستلىق رەسساملار ئاكادېمىيىسىدە)



# خاتۇشا
## (ختتم شەھرى)



4. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى سۈلھى كېلىشىمى

1906 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گېرمانىيەلىك ۋىنكلېر (Winkler) ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. قېزىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى بىر ئىشچى ئۇنىڭغا ئاككادشىنا يېزىقىدىكى بىر لاي تاختىنى تاپشۇرۇپ بەردى. مانا شۇ تاختا كېيىن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش سۈلھى كېلىشىمى بولۇپ، بۇ دەل ئەينى چاغدا مىسىر فىرئەۋنى رامېسسېس II بىلەن ختتم پادىشاھى خاتۇشلى III (Hattusili) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1270 - يىلى ئىمزالىغان تىنچلىق كېلىشىمى، ئەسلىدە بۇ لاي تاختىلار ختتملىقلارنىڭ سالنامىسى ئىدى. ئۇنىڭغا تارىختىكى داڭلىق كادىش (Qadix) جېڭى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا خاتىرىلەنگەن تۇنجى قېتىملىق مۇھىم جەڭلەرنىڭ بىرى، بۇ مىسىر فىرئەۋنى رامېسسېس II بىلەن ختتملىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدۇر.

بۇ مەيدان جەڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1312 - يىلى يۈز بەرگەن ھەم تارىختا تۇنجى سۈلھى كېلىشىم ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغان جەڭ.

مىسىر دۇنيادا مەدەنىيەت تارىخى ئەڭ ئۇزاق قەدىمىي دۆلەت. ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى نىل دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان ھەم ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، غەربىي ئاسىيادىكى پەلەستىن ۋە سۈرىيەگىچە كېڭەيگەن، شۇ ۋاقىتتا مىسىرنىڭ «فىرئەۋن» دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا 1500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان، يەنى دەل 19 - خاندانلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى.

ختتم ئىمپېرىيەسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىل ئەتراپىدا ئانادولۇدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن تۆمۈر قورال - ياراغلارنى ياساپ، پات - پات ئەتراپىدىكى دۆلەت ۋە قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. مىلادىيە 16 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار قۇدرەتلىك بابىلون ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ پايتەخت بابىلوننى ئىشغال قىلغان،

مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە خىتتىم ئىمپېرد ـ
يەسى گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويغان بولۇپ، فىنىكىيە ـ
نى ئىشغال قىلىش بىلەن بىللە سۇرىيە ۋە پەلەستىنگە تا ـ
جاۋۇز قىلىپ كىرگەن. غەربىي ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق
ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن خىتتىملىقلار قەدەممۇقەدەم
قىستاپ كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي جەنۇبى
ئاسىيادا تۇرۇشلۇق مىسىر ئارمىيەسى بىلەن بولغان مۇنا ـ
سىۋىتى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ، قىلىچنى قىنىدىن سۇغىرد ـ
ىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى.

مىسىر فىرئەۋنى رامېسسېس Ⅱ (مىلادىدىن ئىلگىرد ـ
كى 1304 ـ يىلىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1237 ـ يىللىرىغ ـ
چە ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغان) بىر ئۇلۇغ،
تالانتلىق، تەدبىرلىك پادىشاھ. ئۇ خىتتىمنىڭ تەسىر كۈچ ـ
ىنىڭ مىسىر مەنپەئىتىگە ئېغىر تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى
بىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھامان ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى
تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەش يىللىق ئىچكى سى ـ
ياسىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىللە، مالىيە ۋە
ھەربىي كۈچنى توپلاپ، 40 مىڭ ئاتلىق قىسىم بىلەن خى ـ
تىمغا قارشى يۇرۇشكە ھازىرلانغان.

بۇ ۋاقىتتا خىتتىم تەرەپ مىسىرغا ئەۋەتكەن جاسۇس ـ
تىن بۇ مەلۇماتقا ئېرىشىپ بەكلا چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ئال ـ
دىراپ كېچىلەپ، تاياق بىلەن لاي تاختىغا شىنا يېزىقىدا
مەخپىي ئاخبارات يېزىپ چىقىپ، ئادەم تەيىنلەپ خىتتىم
ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى خاتۇشادىكى پادىشاھ مۇۋاتالىغا
سۇنىدۇ، پادىشاھ ئالدىراش ـ تېنەش قول ئاستىدىكىلەرنى
يىغىپ مەسلىھەتلىشىپ، خىتتىم ئىمپېرىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى
ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئورۇن كادىش شەھىرىگە يېتىپ
كېلىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ تاغ ئېتىكىنىڭ سول تەرد ـ
پىنىڭ دېڭىزغا تۇتىشىدىغان يول، ئوڭ تەرىپىنىڭ چەكسىز
كەتكەن تاغ جىلغىسى، پەقەت شىددەت بىلەن ئاقىدىغان
دەريانىڭلا بارلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ دەريا ئولونت دەرياسى
ئىدى. پادىشاھ يەر شەكلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن قايتا ـ
قايتا كۆزەتكەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى گېنېراللارغا
دەرھال ئايرىم ـ ئايرىم تەييارلىق كۆرۈشكە بۇيرۇق چۈ ـ
شۈرىدۇ.

بۇ چاغدا مىسىر فىرئەۋنى رامېسسېس Ⅱ ئۆزى
باش بولۇپ، نامى چىققان ئامون (Amon) ھەربىي قوشۇ ـ
نى، لالېگيون گاد (Lalagion god) ھەربىي قوشۇنى،
پتاھ (Ptah) ھەربىي قوشۇنى، سىتۇستىھا (Sueistooha)
ھەربىي قوشۇنىنى باشلاپ، داغدۇغا بىلەن شىمالغا قاراپ
ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ زور قوشۇن كادىش ئې ـ
گىزلىكىگە يېقىنلاپ كەلگەندە فىرئەۋن ئالدىدىكى تاغ
يولىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، ئىنتايىن مۇرەككەپلىكىنى
كۆرۈپ، بۇيرۇق بىلەن قوشۇننى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن
توختىتىدۇ ۋە قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇپ شۇ يەردە ئارام
ئالماقچى بولىدۇ. يېرىم كېچىدە مىسىرنىڭ قاراۋۇل ئەس ـ
كەرلىرى چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى
كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە دەرھال ئېتىلىپ
بېرىپ بۇ ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋالىدۇ. فىرئەۋن ئۇلارنى
ئۆزى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ چېكىنىپ
چىقىپ كېتىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمەي قالغان خىتتىم ئەسكەر ـ
لىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە خىتتىم پادىشاھلىقى ئۆزىنىڭ
سەرخىل قوشۇنلىرىنى يوشۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە، كا ـ
دىشتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنلىرىنى يىراق بىر يەرگە چې ـ
كىنىشكە بۇيرۇق قىلغانلىقىدەك يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىدۇ.

فىرئەۋن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بول ـ
مايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاڭنىڭ يورۇشىنىمۇ ساقلىماي،
ئۆزى باش بولۇپ ئامون ھەربىي قوشۇنىنى باشلاپ
ئورېنت (Orent) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كادىشقا بۆسۈپ
كىرمەكچى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مىسىر ھەربىي قوشۇن ـ
ىنىڭ كۆپ قىسمى تېخى يېتىشىپ كېلىپ بولالمىغاچقا، فىر ـ
ئەۋن ئادەم ئەۋەتىپ ئارقىدا كېلىۋاتقان لالېگيون گاد
ھەربىي قوشۇنىنى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگى ـ
رىلەپ كادىش قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەندە قوشۇلۇشقا
بۇيرۇق قىلىدۇ..

كىم بىلسۇن ئەسلىدە ئۇلار تۇتۇۋالغان ھېلىقى
ئىككى خىتتىم ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن يالغان ئاخبا ـ
رات يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتىلگەنىكەن.
خىتتىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى مۇتاۋالى مىسىرلىقلارنىڭ
ئالدانغانلىقىنى كۆرۈپ، 2500 ئۇرۇش ھارۋىسىنى
يۆتكەپ فىرئەۋننىڭ كەينىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ،
ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مىسىر لالېگيون گاد ھەربىي قوشۇنىغا

تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. لالېگيون گاد ھەربىي قوشۇنى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئۆزىنى قوغدىيالماي، ناھايىتى تېزلا خىتمىلىقلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنىدۇ. ئارقىدىن خىتمىلىقلارنىڭ ئۇرۇش ھارۋا قىسمى، ھارۋىسىنىڭ بېشىنى بۇراپ فىرئەۋنى قوماندانلىق قىلغان ئامون قوشۇنىنىڭ كەينىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. دەل بۇ ۋاقىتتا رامېسسېس II قول ئاستىدىكىلەر بىلەن شەھەرگە قانداق ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېڭىشىۋاتقان بولۇپ، خىتىم ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن مۇھاسىرىگە ئالغانلىقىدىن ئەسلا خەۋىرى بولمىغاچقا، بىردىنلا ئالدىنقى فرونت لىنىيەسىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. خىتىم چوڭ قوشۇنى مىسىرلىقلارغا قارىتا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چوڭ كېمە بىلەن ئېقىندىن ئۆتۈپ، مىسىر ھەربىي بارگاھىغا بۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن، خىتىم پادىشاھى دەرھال جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاتاكىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن خىتمىلىقلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مىسىر ھەربىي ھارۋىلىرىنىڭ كەينىدە تۇيۇقسىز قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە مىسىرنىڭ پىتاھ ھەربىي قوشۇنى، سىئۇستىھا ھەربىي قوشۇنى بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تېپىپ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىدۇ. مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان فىرئەۋن بىلەن مىسىر ئەسكەرلىرى ياردەمچى قوشۇنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا غەيرەت-جاسارىتى ئېشىپ، ئىككى تەرەپتىن بىر پەس قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ ئاخىر مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىدۇ، خىتىم ھەربىي قوشۇنىنىڭ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى يەتمىگەچكە، كادىش قەلئەسىگە قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتمەكتىن باشقا ئامالى قالمايدۇ.

كادىش جېڭى ئىككىلا تەرەپنى ھالسىرىتىپ، ئىنتايىن چوڭ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىراق ئىككىلا تەرەپ ئۆز كۆڭۈللىرىدە يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ ئۆزاق يىللارغىچە پات-پاتلا تالاش-تارتىش ئۇرۇشى قىلىپ تۇرىدۇ. سەن ھۇجۇم قىلساڭ مەن مۇداپىئەلىنىمەن، مەن ئۇرسام سەن مۇداپىئەلىنىسەن دېگەندەك بىردە يېڭىلىپ، بىردە يېڭىپ ھېچقايسىسى ئۇرۇش توختاتمىغان، ئۇدا بىر قانچە يىللىق ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئاسارىتىدە ئاخىر خىتىممۇ، مىسىرمۇ ئوخشاشلا قاتتىق چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1273-يىلى مۇتاۋالى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. خىتىمنىڭ پايتەختى خاتۇشادا يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۇتاۋالىنىڭ ئىنىسى خاتۇشلى III جىيەنىدىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سۈرگۈن قىلىدۇ، بىراق بۇ ھوقۇق تارتىۋالغۇچى پادىشاھنىڭ تارىختىكى كىتابلاردا نام قالدۇرالىشى، ئۇنىڭ رەزىللىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولماستىن، بەلكى سىياسىي ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ۋە بىر ئۇلۇغ سىياسىيون بولغانلىقىدىن بولغان.

كادىش ئۇرۇشى بولۇپ 16 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1259-يىلى خاتۇشلى III بىر پارچە كۈمۈش تاختىغا خەت ئويدۇرۇپ يېزىپ، ئەلچىسىدىن مىسىرغا ئەۋەتىدۇ.

بۇ چاغدا چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن مىسىر فىرئەۋنى دەل خىتىمغا قارىتا 28-قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا خىتمىلىقلارنىڭ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ. ئەينى چاغدا فىرئەۋن يىراقتىن خىتىم ئەلچىسىنىڭ قولىدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان لېگەنگە ئوخشاش يۇمىلاق بىر نەرسىنىڭ يالت-يۇلت قىلىپ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھاللا: خىتمىلىقلار يەنە قانداق يېڭى قورال ياساپ چىققاندۇ؟ دەپ ئويلايدۇ.

بىراق خىتىم ئەلچىسىنىڭ فىرئەۋنگە ئىززەت-ئېھتىرام بىلەن ئۇ خەت يېزىلغان تاختىنى سۇنۇشى فىرئەۋننى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەسلىدە، بۇ، خىتمىلىقلارنىڭ كۈمۈش تاختىغا ئويۇپ يازغىنى ئۇرۇش توختىتىش سۈلھى كېلىشىمى ئىدى.

باش قۇرغا «ئۇلۇغ ھەم باتۇر خىتمىلىقلار داھىيسى خاتۇشلى، ئۇلۇغ ھەم باتۇر مىسىر ھۆكۈمرانى رامېسسېس»

دەپ خەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھى كېلىشىم ئويۇلغان. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئورنىتىش، ئۆزئارا ئىشەنىش، ھەرگىز ئۇرۇشماسلىق، بىر دۆلەت مۇبادا باشقا دۆلەتلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىسا، ئىككىنچى دۆلەت چوقۇم ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشى، يەنە خالىغان بىر تەرەپ قارشى تەرەپتىن قاچاق ئەسكەر ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۆزئارا كاپالەت بېرىش، قاچقۇنلارنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىقى دېگەندەك 18 تۈرلۈك ماددىنى بەلگىلەپ يازغان. مىسىر فىرئەۋنى ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا بۇ خەت ئويۇلغان كۈمۈش تاختىنى ئۆتكۈزۈۋالدۇ ھەم خىتمىلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سۈلھى كېلىشىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

ئارخېئولوگ ئالىملىرى بوغازكوي (Bogazkoy) كەنتىدە ئاشۇنىڭدەك سۈلھى كېلىشىمگە مۇناسىۋەتلىك 45 پارچە خەت-چەكلەرنى بايقىغان. خاتۇشىلى Ⅲ ئەقىللىق سىياسىيون بولغاچقا، كېيىن ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ئىككى مەلىكىسىنى رامېسېسقا ياتلىق قىلدۇ. رامېسېس كېيىن بۇ قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مىسىردىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە قاپارتما نەقىش كۆرۈنۈشىنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ نەقىشلىك كۆرۈنۈش گەرچە ئېغىر دەرىجىدە چىرىگەن بولسىمۇ، يەنىلا نەپىس كېيىنگەن خاتۇشىلى Ⅲ بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ فىرئەۋىنىڭ ئالدىغا ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى خېلى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىسىر بىلەن خىتمى ئىتتىپاقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان، مىسىرلىقلارمۇ كادىش جېڭى ۋە سۈلھى كېلىشىمىنى كارناك ئىبادەتخانىسى بىلەن تىبىستىكى رامېسېس II ئىبادەتخانىسىنىڭ تېمىغا تولۇق خاتىرىلەپ يېزىپ قالدۇرغان، بۇ يازمىلار تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بىر مۇنەۋۋەر ئارخېئولوگ ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋىنكلېر، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا نىسبەتەن يات ئەمەس. ئۇنىڭ ياردەمچىسى شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن لاي تاختا دەل ئاكاد يېزىقىدا يېزىلغان شۇ قېتىملىق جەڭگە ھەم ئىككى تەرەپنىڭ سۈلھى كېلىشىمگە مۇناسىۋەتلىك خىتمى تەرەپكە تەۋە بولغان نۇسخىسى ئىدى. بۇ ھۆججەتنى كۆرۈپ ۋىنكلېر قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن. ئۇ ئاخىر ئاشۇ «تەۋرات» ۋە قەدىمكى مىسىر ئىبادەتخانىلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ يۈرگەن خىتمىلىقلار ۋە ئۇلار قۇرغان ئىمپېرىيەنى ئاخىر تاپقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارخېئولوگ ئالىملىرى ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن خىتمى پايتەختىنىڭ بوغازكويدا ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىلىپ يەتكەن. شۇ چاغقىچە ئوڭايلىقچە خىتمى تارىخىنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكىلى بولمايدۇ دېگەن قاراش مۇقىملىشىپ قالغانىدى، خىتمى ئەسلىدە تۈركىيەدىكى ئاشۇ قەدىمىي تۇپراقتا ئىدى.

ۋىنكلېر تاكى 1912 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىزچىل بوغازكوي خارابىلىكىنى قېزىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭ پارچە لاي تاختا ياكى لاي تاختا پارچىلىرىنى قېزىپ چىققان. ئۇ لاي تاختىدىكى ئاكاد تىلىدا يېزىلغان يازمىلارغا ئاساسلىنىپ، خىتمى پادىشاھىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېشىپ خېلى مۇقىملاشتۇرالىغان ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايتىدىن خىتمى تارىخىنى نامايان قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس سالغان. بىراق ئەپسۇسلىنارلىقى، كۆپ قىسىم لاي تاختىدىكى يازمىلار يەنىلا ئاۋۋالقىدەك پۈختا ساقلىنىپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇن يېشىلمەي قالغان. ۋىنكلېر خىتمىلىقلارنىڭ تىلىنى كۆڭۈلدىكىدەك يېشىپ بېرەلمىسىمۇ، پەقەت ئاشۇ قەدىمكى بابىلونلۇقلار ئىشلەتكەن ئاكاد يېزىقىدىكى لاي تاختىدىن پايدىلىنىپ، خىتمىلىقلارنىڭ تارىخىنى مۆلچەرلەپ چىققان، لېكىن نۇرغۇن ئىشلار يەنىلا مۇجمەل بولغاچقا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالغانىدى.

ئۇنداقتا، خىتمى تىلى قانداق يېشىلگەن؟

دۇنيا مىراسلىرى كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)



# تۇتى

ئابدۇرراخمان دېگەن بىر يىگىت بىر تۇتى باققان ئىكەن. ئاڭا تولا سۆزلەرنى ئۆرگەتىپتۇ. ئابدۇرراخمان ھەر يەرگە بارسا تۇتىدىن سۇراپ بارغان ئىكەن. بارغىن، دەسە بارات ئىكەن، ئەگەر بارمىغىن دەسە بارمايت ئىكەن.

ئۇل ئابدۇرراخماننىڭ بىر مەشۇقى بار ئىكەن، بىر كۈنى بۈگۈن كەلگىن، دەپتۇ. ئابدۇرراخمان تۇتىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. بىر مەشۇقۇم بار ئىدى، كەلگىن دەدى، بارايمۇ دەپ سۇرېدى. تۇتى ئايتتى: بارغىن، دەدى. تۇتى سۇرېدى: بىر مەكرى بىلۇرسەنمۇ؟ دەدى، ئەگەر مەكرى بىلسەڭ، بارغىن، دەدى. ئاندىن كېيىن تۇتى ئايتتى:

بۇ شەھەردە بىر تولا ياما ن خوتۇن بار ئىدى، ئۇل خوتۇننىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئۇل خوتۇننۇڭ ياماللىقىنى پادىشاھ ئاڭلاپ، ئىككى بالىسى بىلەن ئۇل خوتۇننى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇل خوتۇن ئىكى بالىسىنى يۆتۈلەپ بىر چۆلدە كەتىپ باراتتى، ئۇل خوتۇنغا بىر بۆرۈ ئۇچۇرېدى. ئۇل بۆرۈ يەگەلى قەست قىلدى. ئۇل خوتۇن كۆڭلىدە ئايتتى: بۇ بۆرۈگە بىر مەكرى قىلاي، بولماسا ئۇل مەنى، بالامنى يەيدۇ دەپ ئۇل بۆرۈگە مەكرى قىلدى. بۆرۈ يېقىن كەلدى. خوتۇن ئايتتى: كەل مەنى يەگىن، دەدى. بۆرۈ يەگەلى ئاغزىنى ئېچىپ كەلدى، خوتۇن يانا ئايتتى: مەنىڭ نىسپىمنى يەگىن، بىر بالامنى يەگىن، دەگەندىن كېيىن بۆرۈ ئايتتى: نەمە مۇنداق دەيسەن؟ دەدى. خوتۇن ئايتتى: بۇ يەردە بىر شىر بار، بۇ شەھەرنىڭ پادىشايى كۈندە شىر يەگەلى ئۈچ كىشى بەرىدۇ. بۈگۈن پادىشا مەنى ئىكى بالام بىلەن شىر يەگەلى چىقاردى: ئېنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئايتتىم مەنىڭ نىسپىمنى يەگىن، بىر بالامنى يەگىن، دەدىم. نىسپىم بىر بالام بىلەن شىرگە كەلسۇن، دەدىم. دەگەندىن كېيىن بۆرۈ يەگەلى ئاغزىنى ئېچىپ كەلدى. خوتۇن ئايتتى: بىر سۆزۈم بار ئېنى قىلاي،



ئېنى ئاڭلاپ ئاندىن كېيىن يەگىن، دەگەندىن كېيىن بۆرۈ ئايتتى: سۆزۈڭنى قىل دەدى. خوتۇن ئايتتى: مەن پادىشا شىرگە چىقارغان كىشى مەن. سەن مەنىڭ نىسپىمنى يەسەڭ، بىر بالامنى يەسەڭ، سەنىڭدىن قالغاننى شىر يەمەس. شىر ئۇلۇق پادىشا، دەدى. بۆرۈ خىيال قىلىپ تۇردى. خوتۇن ئايتتى: ئاينا شىر كەلدۇ، دەدى. ئەمدى شىر كەلىپ نەسەنى قويمايدۇ. دەگەندىن كېيىن بۆرۈ قاشتى. قېچىپ كەتىپ باراتتى بىر تۈلكى ئۇچۇرىدى. تۈلكى سۇرىدى: ئالدىراپ قايدا بارىسەن؟ دەدى. بۆرۈ ئايتتى: بۇ چۆلدە بىر كىشى بار ئىكەن، ئىكى بالىسى بىلەن، ئېنى يەي دەپ بېرىپ ئىدىم. ئېنى پادىشا شىرگە يەگەلى چىقارغان ئىكەن، ئول كىشى مەنى كۆرۈپ ئايتتى: كەلگىن، مەنى يەگىن، دەدى. مەنىڭ نىسپىم بىلەن بىر بالا يەگىن، دەدى. مەن سۇرىدىم نەمە مۇنداق دەيسەن؟ دەپ، ئول كىشى ئايتتى: مەن شىرنىڭ يەيدىغان رىسقىسى دەدى، سەندىن قالغاننى شىر يەمەس دەدى، دەپ تۇرۇپ ئىدى: ئاينا، شىر كەلىپ ياتىدۇ، دەدى، مەن شىردىن قورقۇپ قاشتىم، دەدى. دەگەندىن كېيىن تۈلكى كۈلدى. تۈلكى ئايتتى: ئول خوتۇن كىشى ئىكەن، ساڭا مەكرى قىلىپتۇ، دەدى. ئىكىلەن بېرىپ يەيلىن. دەدى. بۆرۈ تۈلكى بىلەن خوتۇن تۇرۆپكە يۈردى. خوتۇن بار يەرگە يەتتى. خوتۇن ئالارنى كۆردى؛ باياقى بۆرۈ بىر تۈلكىنى باشلاپ كەلىپ يەتەدۇ دەدى. خوتۇن ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئايتتى: بۇلار ئىكىلەن كەلدۇ، بۇلارغا يەنە بىر مەكرى قىلاي، دەدى. تۈلكى بۆرۈ بىلەن يېقىن كەلگەندىن كېيىن خوتۇن ئۇلارغا ئايتتى: خوپ كەلىپ سىلەر، مەن بۆرۈ سەنى كەتكۈزىپ ئەتكەنىمگە پۇشمان قىلىپ ئىدىم. ساڭا تۈلكى سۆز ئۆرگەتىپ ئېلىپ كەپتۇ، مەنى خوتۇن كىشى دەپتۇ، ساڭا مەكرى قىلدۇ دەپتۇ، سەنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ، بۇ ماڭا كەرەك ئىكەن. مەن ئادەم ئەمەس، مەن مەنغۇل بىياۋانى، ئەگەر سەن يا يولباس يا توڭگۇز پىشكەش ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، ئۆزۈڭنى قويار ئىدىم، سەن تۈلكىنى پىشكەش ئېلىپ كەپسەن، نە سەنى قويمايمەن، نە تۈلكىنى قويمايمەن. بەرى كەلگىن، مەن ئىكۈلەننى يەيمەن، دەدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بۆرۈ بىلەن تۈلكى قورقۇپ قاشتى. سەن شۇبۇ خوتۇنغا ئوخشاش مەكرى بىلسەڭ مەشۇقۇڭنىڭ قېشىغا بار، دەدى.

ئابدۇرراخمان بارغېلى چىقىپ ئىدى، تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. يېنىپ تۇتىغا تاڭ ئېتىپ قاپتۇ، دەدى. تۇتى ئايتتى: ئانداق بولسا ئەرتە بارغىن، دەدى. ئول كۈنى يانا كۈن كەش كىردى. ئابدۇرراخمان يانا تۇتىنىڭ قېشىغا كىردى. يانا تۇتىدىن سۇرىدى: بۈگۈن مەشۇقۇمنىڭ قېشىغا باردىمەن، دەدى. تۇتى بارغىن دەدى، مەن ساڭا بىر سۆز قىلاي، ئېنى ئىشىتىپ ئاندىن كېيىن بارغىن، دەدى. ئانداق بولسا سۆزىڭنى ئايتقىن، دەدى. تۇتى ئايتتى:

بۇ شەھەردە بىر يامان ئوغرى مۆشۈك بار ئىكەن. كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەر نەرسەسى بولسا ئوغرىلاپ يەيت ئىكەن. بىر كۈن بىر بوياقنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۆيان-بۇيانلىرىنى ئول كەچە ئەرەك يەپ قويۇپتۇ. ئول بوياقچى مۆشۈك يەگەننى بىلدى. مۆشۈكنىڭ قەستىغە تۈشتى. ئول كەچە مۆشۈك بوياقچىنىڭكىدە يانا كىردى. بوياقچى مۆشۈك كىرگەننى بىلدى، قوپۇپ شام ياندۇردى. ئول ئوغرى مۆشۈك ئېنى كۆرۈپ بىر جامنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى، جامنىڭ ئىچىدە بوياق بار ئىكەن، مۆشۈك ئول بوياقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى. ئول باياقچى مۆشۈكنى ھەش يەردىن تاپالمىدى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن مۆشۈك جامنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. مۆشۈك تالاغا چىقىپ ئۆزىنى كۆرسۈ بويىلىپ قاپتۇ. ئول مۆشۈك كۆڭلىدە ئايتتى: مۆشۈكلەرنى يىغاي، ھەممە مۆشۈكلەرنى يىققاندىن كېيىن ئۇلارغا ئايتاي: مەن سىلەرگە پادىشا بولدىم، دەي. مەنى مۇنداق بويالغىنىمنى كۆرۈپ پادىشا بولغىنىمنى راست دەپ كۆرەرسىز، دەدى. مۆشۈكلەرنى يىغدى. ئوغرى مۆشۈك ئايتتى: بۇ كەچە خۇداي تائالا مەنى سىلەرگە پادىشا قىلدى، مەنىڭ تۈكۈمنى بۆلۆك رەڭدە قىلدى. دەگەندىن كېيىن مۆشۈكلەر ھەممىسى راست دەپ بەيئەت قىلدى. ئول كۈنى تۈلكىلەرنى قىشقىرتتى. خۇدا مەنى سىلەرگە پادىشا قىلدى، سىلەر نەمە دەيسىلەر؟ تۈكۈمنى بۆلۆك رەڭدە قىلدى. ئول كۈنى تۈلكىلەر ھەممىسى سۆزۈڭ راست دەدى، ھەممىسى بەيئەت قىلدى. ئاندىن كېيىن توڭگۇز، بۆرۈلەرنى قىشقىرتتى، ئۇلارغا ئايتتى: مەنى سىلەرگە خۇداي تائالا پادىشا قىلدى، سىلەر نەمە دەيسىلەر؟ توڭگۇز، بۆرى مۆشۈكنىڭ رەڭگىن كۆرۈپ، ھەممىسى راست دەپ بەيئەت قىلدى. ئاندىن كېيىن يولباس، شىرلەرنى قىشقىرتتى، ئۇلارغا ئايتتى: مەنى سىلەرگە خۇداي تائالا پادىشا قىلدى، سىلەر



نەمە دەيسىلەر. ئۇلار ھەم رەڭگىن كۆرۈپ راست دەپ بەيئەت قىلدى. بىرنەچچەن كۈن ئۇغرى مۆشۈك بۇلارغا پادىشالىق قىلدى. بىر كۈنى بۇلارغا مەيلىس قىلىپ بەردى، مۆشۈكلەرگە يۇقىرى ساۋرۇم بەردى، ئېنىڭ تۆۋەن يېقىدا تۈلكۈلەرگە، ئېنىڭ تۆۋەن يېقىدا توڭگۇز، بۆرۈلەرگە ساۋرۇم بەردى، ئىشىكنىڭ قېشىدا يولباس، شىرلەرگە ساۋرۇم بەردى. ساۋرۇم بەرگەندىن كېيىن تۈلكى كۆڭلىدە خىيال قىلدى: مۇنىڭ پادىشا بولغىنى يالغانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ راست پادىشا بولسا، يولباس، شىرلەرگە يۇقىرى ئوخورۇم بەرەتتى، مۆشۈكلەرگە ساۋرۇم تۆۋەن بەرەتتى. مەن مۇنىڭدىن بىر مەكرى قىلىپ سوراي، دەپ كۆڭلى بىلەن كەڭەشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ھاراق كەلتۈردى. پادىشا بۇيرىدى: تۈلكىلەر، سىلەر نەغمە قىلىڭلار، دەدى. ئاندىن كېيىن بۇلار ھاراق ئىشتى، مەست بولدى، ئول پادىشا تۈلكىنىڭ قېشىغا كەلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە نەغمە قىلدى. تۈلكى يانا كۆڭلىدە ئايتتى: مۇنىڭ پادىشا بولغىنى يالغان ئىكەن، ئەگەر راست پادىشا بولسا مەنىڭ يېنىمغا كەلىپ نەغمە قىلمايتتى، دەدى. مەن مۇنى بىر ئىش قىلىپ سوراي، دەپ بۇ خىيالنى قىلدى. ئۇلار مەست بولۇپ ھەممىسى چىقىپ كەتتى. تۈلكى پادىشانىڭ قېشىدا قالدى. پادىشانىڭ يېنىغا باردى، ئايتتى: ئاي، ئاي، پادىشا سىزدىن سورايدىغان بىر سۆزۈم بار. ماڭا سىز راستى بىلەن ئايتىپ بەرىڭ، ئاندىن كېيىن ئىككۈلەن دوست بولۇلى دەدى. دەگەندىن كېيىن پادىشا ئايتتى: بۈگۈن ھەر سۆزۈڭ بولسا سۆرىغىن، مەن راستى بىلەن جەۋاب بەرەي، دەدى. تۈلكى ئاندىن كېيىن ئايتتى: سىز بۇ پادىشالىقنى قايدىن تاپتىڭىز؟ دەدى. پادىشا مەسلىگىدە راستىنى ئايتتى: مەن بىر ئوغرى مۆشۈك ئىدىم، بىر كۈنى بوياقچىنىڭكىگە ئوغۇرلۇققا كىردىم. مەنىڭ ئوغۇرلۇققا كىرگەنىمنى بوياقچى بىلىپ قوپۇپ شام ياندۇردى. مەن قورقۇپ قېچىپ جامغا كىرىپ ياتتىم. ئۇ جامنىڭ ئىچىدە بوياق بار ئىكەن. ئۇ بوياق مەنىڭ تۈكۈمگە سىڭىپتۇ. ئەرتىسى جامدىن چىقىپ كۆرسۆم ئۆزۈم باشقا بولۇپتۇ. مەن كۆڭلۈمدۈ ئايتتىم: پادىشا بولدۇم، دەپ. ئاندىن مۆشۈكلەرگە چىقىپ پادىشا بولدۇم دەدىم، ماڭا بەيئەت قىلدى. ئاندىن كېيىن تۈلكۈلەرنى، توڭگۇزلارنى، بۆرۈلەرنى، يولباسلارنى، شىرلەرنى يىغىپ بۇلارغا مەن پادىشا

بولدۇم دەدىم. ئۇلار ھەممىسى بەيئەت قىلدى. مۇندىن كېيىن پادىشالىق قىلىپ تۇردۇم، بولمۇسا مەن بىر ئوغرى مۈشۈك ئىدىم، دەپ تۈلكىگە راستىنى ئېيتتى. ئېيتقاندىن كېيىن تۈلكى چىقىپ بۇ پادىشانىڭ ئوغرى مۈشۈك ئىكەنىنى، يالغان پادىشا بولغىنىنى، بۇ ھەممە سۆزنى يولۋاس، شىرلەرگە ئېيتتى. ئاندىن كېيىن يولۋاس، شىرلەر كېلىپ ئۇ ئوغرى مۈشۈكنى تۇتۇپ، قۇلاق، بۇرنىنى كېسىپ، ئۆزىگە پوقلارنى سۈرۈپ، رەسۋا قىلىپ قاتتىق ئازاب بىلەن ئۆلتۈردى.

تۇتى بۇ سۆزلەرنى قىلىپ: سەن شۇ ئوغرى مۈشۈككە ئوخشاش بولۇپ قالمىساڭ مەشۇقۇڭنىڭ قېشىغا بار، دەدى. ئابدۇرراخمان چىقىپ كۆرسە تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. يېنىپ كىرىپ تاڭ ئېتىپ قاپتى دەدى. ئانداق بولسا ئەرتە بار، دەدى. ئۇل كۈنى كۈن كەچ بولدى. ئابدۇرراخمان ئېيتتى: مەن تۇتىدىن سورىسام مېنى سۆزگۈ ئايلاندۇرۇپ مەشۇقۇمنىڭ قېشىغا ئەۋەتمەيدۇ، مەن بۇگۈن تۇتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن مەشۇقۇمنىڭ قېشىغا باراي، دەپ، كۆڭلىدە بۇ خىيالنى قىلىپ تۇتىنىڭ قېشىغا كىردى. كىرىپ مەن بۇگۈن مەشۇقۇمنىڭ قېشىغا بارىمەن دەدى. تۇتى: بارغىن، دەدى. ئۆلتۈرىدىغىنىنى بىلدى ھەم سۆز قىلمىدى. تۇتى سۆز قىلمىغاندىن كېيىن ئابدۇرراخمان ئېيتتى: سۆزۈڭ يوقمۇ؟ دەدى. تۇتى: ئانداق بولسا بىر سۆزۈم بار، ئېيتاي دەدى، ئېنى ئاڭلاپ ئاندىن كېيىن مەشۇقۇڭنىڭ قېشىغا بار، دەدى.

پالانى شەھەردە بىر قازى بار ئىكەن، ئۇل خەت بۈتۈپ، مۆھۆرنى بېسىپ بەرسە، ئۇل خەتنى ھەر كىشى بېشىغا قىسىپ چىقسا، ئۇل خەت بېشىدىن يەرگە تۈشسە، شۇ يەردە كولسا ئالتۇن- كۈمۈش چىقات ئىكەن. مۇنى خەخلەر ئىشىتىپ، قازىغا خەت بۈتۈتۈپ ئۇل خەتنى ئېلىپ چىقىپ كۆپ ئالتىن- كۈمۈشلەرنى تېپىپ ئاپتۇ. بۇ ئىش شەھەردىن شەھەرگە ئاڭلىنىپتۇ. بىر شەھەردە ئۈچ كىشى ئاڭلاپ، قازىنىڭ شەھىرىگە يۈرۈپتۇ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇل شەھەرگە يېتىپ كەلىپتۇ. كېلىپ قازىنى ئىستەپ تېپىپتۇ. بىز يىراق شەھەردىن سىزنىڭ ياخشىلىغىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدۇك، خەت بۈتۈپ مۆھۆر بېسىپ بەرسەڭىز. ئۇل خەتنى ئېلىپ چىقسا، قاي يەردە يەرگە تۈشسە، شۇ يەرنى قولسا ئالتۇن- كۈمۈش چىقىدەك دەپ ئاڭلاپ كەلدۇك. بىزگەما خەت بۈتۈپ مۆھۆر بېسىپ بېرىڭ، ئېلىپ چىقىپ ئالتۇن- كۈمۈش تېپىپ ئالىلى، دەدى. دەگەندىن كېيىن قازى خەت بۈتۈپ، مۆھۆر بېسىپ بەردى. ئۇل خەتنى كەلگەن ئۇ ئۈچ كىشى بېشىغە قىسىپ چىقتى. شەھەردىن چىقىپ بۇمۇنچا يول يۈرگەندىن كېيىن، بىرىنىڭ بېشىدىن خەت يەرگە تۈشتى. ئۇ يەرنى كولاپ ئىدى، ئالتىن چىقتى. يانا ئىككىسى يول يۈردى. بايا بىرىنىڭ بېشىدىن خەت يەرگە تۈشتى. ئۇ يەرنى كولاپ ئىدى، كۈمۈش چىقتى. يانا بىرى يول يۈردى، بىر مۇنچا ماڭغاندىن كېيىن خەت يەرگە تۈشتى، ئۇ يەرنى كولاپ ئىدى مىس چىقتى. مەن مىسنى نەمە قىلاي دەپ، يانا خەتنى بېشىغا قىسىپ يۈردى. يانا بىر نەچەن يول يۈرگەندىن كېيىن، خەت يانا يەرگە تۈشتى، ئۇ يەردە كولاپ ئىدى تۆمۈر چىقتى. ئۇل ئېيتتى: ماڭا خۇداي تائالا ئالتۇن- كۈمۈش بەرمەيدىغان چېغى، دەپ بۇ تۆمۈردىن باياقى مىس ياخشى، مىسنى ئالاي دەدى، مىس چىققان يەرگە كېلىپ مىسنى ئالاي دەپ باقسا، مىس يوقاپ كەتىپتۇ. يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدى بېرىپ تۆمۈرنى ئالاي دەدى. تۆمۈر چىققان يەرگە كەلدى، كەلسە تۆمۈرما يوقاپ كەتىپتۇ، ئاندىن كېيىن كۆڭلىدە ئېيتتى: خۇداي تائالا بۇلارنى ماڭا بۇيرىمىغان ئىكەن دەدى. ئەمدى يولداشلىرىمنى تېپىپ، شۇلاردىن بىر مۇنچا ئالتۇن- كۈمۈش ئېلىپ، شۇلار بىلەن بىللە شەھەرگە كەتەي، دەدى. كېلىپ يولداشلىرىنى باقسا، كەتىپتۇ. ئۇ شەھەردە يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز كەلىپتۇ. كۆپ جاپالارنى تارتىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆيىگە كەلىپتۇ.

سەن شۇڭا ئوخشاش بولۇپ قالمىساڭ، مەشۇقىڭنىڭ قېشىغە بار، دەدى.

دەگەندىن كېيىن ئابدۇرراخمان خىيال قىلدى. تۇتىنىڭ ھەممە ئېيتقان سۆزلىرى راست. مۇنى ئاڭلىماي مەشۇقىمنىڭ قېشىغا بارسام شۇ جاپالارنى تارتىمەن، دەپ مەشۇقىدىن كەچتى. ئاندىن كېيىن ئابدۇرراخمان خۇداي تائالاغا تائەت ئىبادەت قىلدى. خۇداي تائالا ئابدۇرراخماننىڭ مەقسەتىنى بەردى، ئۆزى زاھىتلار قاتارىدا بولدى.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد



# ئۆزبېك مىللىتىدە نەسەب

رەخىم خوجائەخمەت خوجا

ئۆزبېك مىللىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، شۇ مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ھەمدە تارىختا ئوينىغان رولىنى ئاساس قىلىپ بىر نەچچە نەسەبكە ئايرىلغان. ئۆزبېكلەر ئىسىملىرىدىكى «مىر»، «غوجا»، «بېك» دېگەندەك قوشۇمچە سۆزلەر ئۇلارنىڭ شۇنداق كېلىپ چىقىش تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نەسەب بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق قوشۇمچە سۆزلەر ھەر بىر ئۆزبېكنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدى ياكى ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ زادى قايسى نەسەبكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. نەسەب بەلگىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزلەرنى مۇنداق بىر نەچچىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. شاھ — بۇ پارسچە «شاھىنشاھ» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ ئالىي، مەرتىۋىلىك ئادەم، پادىشاھ ياكى خان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن، شاھياقۇپ، شاھ نىيمەت دېگەندەك.

2. خان — بۇ تۈركچە سۆز بولۇپ، پادىشاھ ياكى خان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئادىل خان، ئالىم خان دېگەندەك.

3. خوجا — بۇ سۆز خانلارنىڭ ئوردىسىدا ئىقتىسادقا مەسئۇل خوجىلىق باشقۇرغۇچى دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، خوجىلارنى «سەئىدلەر»، يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادىمۇ دەپ قويىدۇ. بۇنىڭ زادى قانچىلىك ئىلمىي ئاساسى بار، تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «خوجا» سۆزى ئادەتتە ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىمام خوجا، ئىشان خوجا قاتارلىقلار.

4. مىر — بۇ سۆز ئەسلىي «مىرشاپ» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ئامانلىق ساقلىغۇچىلار» ياكى «ساقچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، مىر كەرىم، مىر ۋەلى، مىر ھىلال دېگەندەك.

5. مىرزا — بۇ تۈركچە سۆز بولۇپ، «پۈتۈكچى»،

«كاتىپ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، مىرزا ئەنۋەر، مىرزا ھەيدەر دېگەندەك.

6. بىك — بۇمۇ تۈركچە سۆز بولۇپ، «باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ بېك، ئاتا بىك دېگەندەك.

7. بابا — بۇ ئەسلىي ئەرەبچە «باپ» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «دەرۋازا» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ يەردە «ئىسلامىيەتنى تارقاتقۇچى دەرۋازا» مەنىسىدە چۈشىنىلىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، مەنسۇر بابا، مەسئۇد بابا دېگەندەك.

8. تۆرە — بۇ تۈركچە «تورو» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئادەت»، «قانۇنلۇق ئىش قىلغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئادىل تۆرە، پازىل تۆرە... قاتارلىقلار.

9. مىيان — بۇ پارسچە سۆز. «ئوتتۇرا»، «ئوتتۇرىسى»، يەنى پەيغەمبەر بىلەن ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مىيانلارنى مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن ئۈممەتلەر ئارىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرىنى يەتكۈزگۈچى، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: مىيان ھادى، مىيان ئابدۇراخمان دېگەندەك.

10. جان — بۇ «ئادەتتىكى پۇقرالار» مەنىسىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، پازىلجان، تاھىرجان دېگەندەك.

ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا قوشۇلۇپ كەلگەن مۇشۇنداق نەسەبنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلارغا قاراپ شۇ ئادەمنىڭ نەسەبنى، ئاتا-بوۋىسىنى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا نەسەب توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. پەرزەنتلەردىن ئۆز نەسەبى بويىچە بىر نەچچە ئەۋلاد چوڭلارنىڭ ئىسمىنى، نەسەب تارىخىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەر بىر ئاتا-ئانا بولغۇچى تۇغۇلغان پەرزەنتىگە، بولۇپمۇ ئوغۇللارغا چوقۇم ئۆزىنىڭ نەسەبنى ئېنىق ئىپادە قىلالايدىغان، ئىستېمالدا راۋان، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىدىغان، مەلۇم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئىسىملارنى تاللاپ قويۇشى كېرەك. بالىنىڭ ئىسمى ئۆز نەسەبىگە ماس كېلىدىغان، ئاڭلىغۇچىلارنى زوقلاندۇرالايدىغان، باللىق، ياشلىق، قېرىلىق دەۋرىدىمۇ غەيرىي تۇيۇلمايدىغان بولۇشى لازىم. تۈركىي تىلىمىزدا مۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك، چىرايلىق ئىسىملار كۆپ بولۇپ، گەپ سىزنىڭ تاللىشىڭىزدا.



يۇرت-جامائەت، ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ-بۇرادەرلەرنى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم قاتارلىق ھەر خىل مەرىكىلەرگە چاقىرىپ باغاق يازغاندا، باغاقنى چوقۇم خېتى چىرايلىق، باشقىلارنىڭ نەسەب ئايرىمىسىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەملەرگە يازدۇرۇش كېرەك. مېھمانلارنىڭ ئىسمىنى نەسەبى بىلەن قوشۇپ تولۇق، توغرا، چىرايلىق يېزىش سايىبخانىنىڭ مېھمانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

(ئاپتور: غۇلجا شەھىرى باغۋەن كوچىسى 6-نومۇرلۇق قورۇدا)



# تۇرغىيىمنىڭ جامالى ئايغا ئوخشايدۇ

تۇرغايىم ئۆزۈڭ بىلگىن،
يالغۇز بىر ساڭا كۆيدۇم.
گەپلەرىڭ ئەجەب ئاچچىق،
قاچان باشقىنى سۆيدۇم.
ساڭا ئىشەنچ قىلىپ يۈرۈپ،
قانچە يىل كۆڭۈل بۆلدۇم.

ئوڭ قولىدا ئون ئۈزۈك،
لەھەڭ ئوخشاش كۆزى بار.
قانداق كىشى تۇغقاندۇ،
ئەجەب تاتلىق سۆزى بار.
ئوت كۆيۈك ماڭا چۈشتى،
مەن يىغلايمەن زارۇ-زار.

يانىپ كەلمەيدۇ تۇرپانلىق،
بۇندىن كەتتى ئۈزۈلۈپ.
ئوينىيالمەيسەن ئەمدى،
ئاۋۇالقىدەك سۈزۈلۈپ.
قانداق چىدادى باغرىڭ،
يۇرتلۇقۇڭنى ئۇنتۇلۇپ.

تاشا يۇرتلۇققا ئويناساڭ،
شۇنداق تاشلاپ ئاتادۇ.
ئۇرغان ئىكەن چىشىغا،
ئۆيدىن چىقماي ياتادۇ.
بىزگە قىلغان بۇ دەردىنى،
ئاخىرەتتە تارتادۇ.

بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ،
ئۇخمىغاننى ئۇختۇرۇپ.
قاچان قولۇڭغا ئالۇرسەن،
بۇ قۇلاقنى تىندۇرۇپ.
ئۆز دىمەتلىك ئىچىدە،
تاشلىۋەتمەڭ سۇندۇرۇپ.

تاشلىۋەتمەڭ سۇندۇرۇپ،
يۈرەك بولدى چەك پارە.
سىز گۈلۈمنىڭ كۆيىكى،
مېنى قىلدى ئاۋارە.
كۆيۈكنىڭ ياراسىغا،
يوق ئىكەن باشقا چارە.

قونارغا بارغاندا،
ئەپلەشتى يارى بىلەن،
يانغاندا بىللە كەلدى،
راشىدىن قارى بىلەن،

كۆڭلى قارا ئېرىماي،
يارنىڭ زارى بىلەن.

كەيگەندىكى پەشمەتلىك،
تال بويۇڭغا ياراشىپ.
تۇرمىدىلىك سەن يانىمدا،
ئېچىلىپ بىر گەپلەشىپ.
كىچىكى — چوڭ تاۋالاپ ①،
يۇرۇتمەيدۇ تەلگەشىپ ②.

تورغۇيۇمنىڭ جامالى،
ئايغا ئوخشاپ تۇرادۇ.
ئاراغا دۇشمەن كىردى،
كۆڭلۇم غەمگە تولادۇ.
بىر تۇغقان قېرىنداشىم،
ماڭا تىكەن بولادۇ.

چىراي ئېچىپ كۈلگەنگە،
كۈندە قىلادۇ غەلۋە.
تورغاينىڭ يۈرگەن جايى،
ئاز بولسىمۇ بىر مەلە.
كېچە-كۈندۈز يىغلايمەن،
خۇدايىمغا مەن بەندە.

خۇدايىمغا مەن بەندە،
شۇ بەندەلىكنى ئىشى.
ئالتۇن-كۈمۈشكە ئوخشاش،
تورغاي خانىمنىڭ چىشى.
بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق،
بۇمۇ دۇشمەننىڭ ئىشى.

دۇشمەنلىرىم قىلغان گەپ،
كېچە-كۈندۈز ئالدىمدا.
ئىككىمىز قىلغان گەپلەر،
تۇرامدۇ يادىڭدا.

بېرىپ يوقلاپ كېلەلى،
كۈن چىقماستا ئايدىڭدا.

بېرىپ يوقلاي دېسەمما،
سۇنسا قاناتىم يەتمەي.
ئوتتۇك تەنىمگە چۈشتى،
سەن خىيالىمدىن كەتمەي.
ئوت ئۈستىگە ئوت سالدىلىك،
چىرايىڭنى كۆرسەتمەي.

تورغايىمنى دەردىدە،
يۈرۈيمەن دەرتلىك بولۇپ.
يىغلايدىمەن كېچەسى،
كۆڭلۇممۇ غەمگە تولۇپ.
ئالۇر بولسام قولۇمغا،
شۇ دۇشمەندىن قۇتۇلۇپ.

كىمنى قويدۇڭ ئورنۇڭغا،
بىرنى قويغىن سەن خىللاپ.
مەلىڭىزگە مەن بارسام،



① تاۋالاپ — تاپا-تەنە قىلىپ.
② تەلگەشىپ — تەگىشىپ.



چىراي ئاچمايسەن تىللاپ.
قورسىقىم تولا كۆپتى،
قىلغان گېپىڭنى ئاڭلاپ.

دۈشمەنلەرىڭمۇ باغلاپ،
بىگۇناھ ئۇردى سېنى.
سەن مۇندىن كېتەر بولساڭ،
قانداق قىلسەن مېنى؟
بەرگەن ۋەدەڭدە تۇرۇپ،
كۆپەيتمىگىن دەردىمنى.

كۆڭلۈڭمۇ ئىچىلغاندۇ،
ئاندا خىللاپ يار تۇتۇپ.
يېڭى تۇتقان يارىڭنى،
بىزگە قويدۇڭ تونۇتۇپ،

ئىلاجىم يوق يۈرۈيمەن،
دەرتنى ئىچىمگە يۇتۇپ.

ئىلاجىم يوق دەردىڭدە،
يۈرۈيدىمەن قان بولۇپ.
پۇلغا چۇمۇلۇپ كەتتىڭ،
بايغا سوڭلاپ ئۆي تۇتۇپ.
دۈشمىنىمگە يار بولدۇڭ،
ئۆز ۋەدەڭنى ئۇنتۇلۇپ.

ئۆز ۋەدەڭنى ئۇنتۇلۇپ،
سەن قىلدىڭ خىيانەتنى.
مەن بېرىپ كىمگە ئېيتاي،
ئىچىمدىكى بۇ دەرتنى.
ياردىن تەلىيىم يوقكەن،
مەن قىلاي ئىبادەتنى.

ئوتتۇڭغا سېلىپ قويۇپ،
سەن ئويلىدۇڭ كىملەرنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمادىم،
سەن تېرىغان گۈللەرنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
ھول تەن كۆيگەن كۈنلەرنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **روزى داۋۇت**
خاتىرىلىگۈچى: **مويىدىن سايىت**
تەييارلىغۇچى: **خۇرسەنئاي مەتمىن**

MIRAS

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## ئىلمىي ماقالىلەر

### 2010 ـ يىل 1 ـ سان


جەممەت شەجەرىسى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى ........................ ئەنۋەر سەمەر قورغان (1 ـ بەت)

ئۇيغۇرلاردىكى «كۆز تەگمىسۇن»، «سۆز تەگمىسۇن» قارىشى ........................ ھۇسەنجان قاسىم (20 ـ بەت)

كىرىيەدىكى جۇۋان توي ئادىتى ........................ نۇرنىسا باقى (24 ـ بەت)

تاجىكلارنىڭ ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى ــ خەمبەك ........................ ۋارىسجان ئاتاخان (35 ـ بەت)

كۆك چاي مەشرىپى ........................ مۇنىرىدىن شەمسىدىن، ئايسە ئىدرىس (21 ـ بەت)

«دولان مۇقامى» بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى ........................ تۇرسۇن ساۋۇت ئۇرمىش (28 ـ بەت)

مىراس ھەرىكىتى ........................ ھەبىبۇللا قادىر (46 ـ بەت)

«ئوغۇزنامە»نىڭ قازاندىن تېپىلغان يېڭى نۇسخىسى ھەققىدە ........................ فىكرەت تۈركمەن (61 ـ بەت)

ئاكادېمىك شەرقشۇناس ئالىم ھېرمان ۋامبېرى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ........................ مەھمۇد زەيدى (74 ـ بەت)

يېڭىسار پىچىقى ۋە ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ........................ ھۇسەيىن ئاۋۇت (37 ـ بەت)


### 2010 ـ يىل 2 ـ سان


شىنجاڭغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە يول باشلىغۇچىلار ........................ ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا (1 ـ بەت)

چىن تۆمۈر باتۇر ۋە سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا چاپلانغان بوھتان ........................ ياسىنجان ياقۇپ (14 ـ بەت)

خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغداش غەيرىي ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ..............

........................ ئەخمەتجان ئىگەمبەردى (21 ـ بەت)

دەريا بويلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ........................ مەتسەيدى مەتقاسىم (33 ـ بەت)

قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئورنى ........................ ئىسمائىل سەمەت (50 ـ بەت)

غۇلجا دوپپىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................ ئابلىمىت ئابدۇراخمان (61 ـ بەت)

«خەمسە نەۋايى»دىكى ئىشق ـ مۇھەببەت قارىشى ........................ ئالىيە ئېزىز (67 ـ بەت)

پەيزاۋات قوغۇنى ........................ ئابدۇكېرىم تۇردى (55 ـ بەت)

ئۇيغۇرلاردىكى نەسەبشۇناسلىق ........................ ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان (58 ـ بەت)


### 2010 ـ يىل 3 ـ سان


ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك ........................ ياسىن مۇھەممەد نىياز تېكە (17 ـ بەت)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئات تەسۋىرى ........................ مېھرىنسا مەخەت (51 ـ بەت)

«ئايتولدى» بىلەن «كۇنتۇغدى» دوستلۇقىدىن چىن دوستلۇققا نەزەر ........................ مەھمۇد زەيدى (55 ـ بەت)

ئاپتور، مۇھەررىر ۋە ئەسەر ........................ پاتىگۈل ئەخمەت (61 ـ بەت)

دەريا بويلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ........................ مەتسەيدى مەتقاسىم (27 ـ بەت)

كورلا دىيارىدىكى مازار مەدەنىيىتى ........................ ئابدۇمجىت ھەسەن قۇربانى (47 ـ بەت)

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىنى يوقلاش ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىك قاراشلىرى ........................ شەرىپە ئابدۇغوپۇر (64 ـ بەت)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەزى ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى ........................ رابىيە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (72 ـ بەت)

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۈزۈك ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (40 ـ بەت)

ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى ........................ نۇرنىساخان مەتسىدىق (50 ـ بەت)

بىر ھامىلىنىڭ يۈرەك سۆزى ........................ ئەخمەت كېبىر (69 ـ بەت)


### 2010 ـ يىل 4 ـ سان


ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان نەسىھەتلەر ........................ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (1 ـ بەت )

ئۆزلۈككە قايتىش ........................ مۇھەممەد كامال خۇشخۇي (9 ـ بەت)

ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن ــ كاسىپلىرىدىكى شاگىرت تەربىيەلەش ئەنئەنىسى ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (16 ـ بەت)

دەريا بويلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ........................ مەتسەيدى مەتقاسىم (34 ـ بەت)

شېخنى تارتىپ، يىلتىزىنى چىقىرىش ...... مەمتىمىن قۇربان (24-بەت)
«تارىخىي ھەممىدى»دىكى ئەمەل-مەنسەپ ۋە ھۆنەر-كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلار ...... ئەھەد مۇھەممەدئۇللا (28-بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق ...... ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا (58-بەت
قومۇل كەشتىچىلىكى ...... پاتىگۈل قاسىم (42-بەت)
تەكلىماكاندىكى گىگانت راۋاق ...... يالقۇن ياقۇپ (63-بەت)
ھويلا - ئاران مەدەنىيىتى ...... سادەتگۈل غوپۇر (73-بەت)
ئۇيغۇرلاردا كىتاب ...... گۈلمىرە ئابلىكىم (76-بەت)


## 2010-يىل 5-سان


ئىپتىدائىي سەنئەتتىكى ئات تەسۋىرى ...... خەلچەم مۇھەممەد (2-بەت)
بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار چۈشەنچىسىدىكى سېھرىي كۈچلەر توغرىسىدا ...... ئابدۇرەشىد مۇھەممەدئىمىن (11-بەت)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شىۋىسى ...... ئۆمەر تالىپ (22-بەت)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ئىمارەت ۋە ھويلا-ئاران بەرپا قىلىش ئادەتلىرىگە سىڭگەن ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى ......
...... قۇربانجان ئوبۇل (41-بەت)
قومۇل خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ...... سىممەت ئەسرا تۇرا (53-بەت)
مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ...... مەتتۇرسۇن ئەستۇللا (71-بەت)
ئۇيغۇرلاردا سالقىنداش ئادەتلىرى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (6-بەت)
كېرىيەلىكنىڭ ئۆزگىچە توي ئادەتلىرى ...... ئەنۋەر مەتسەيدى (28-بەت)
تاجىكلارنىڭ قارا چىراغ ياساش ئادىتى ...... ۋارىسجان ئاتاخان (78-بەت)
ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم-كېچەك ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنى توغرىسىدا ...... ئەكرەم ئابدۇمىجىت (38-بەت)
مۇقام ۋارىسلىرى ...... شېرىنئاي قۇربان (69-بەت)
كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (72-بەت)


## 2010-يىل 6-سان


كىلىياڭ مەشرىپى ...... توقسۇن ھۇسىين ئەلقۇت (1-بەت)
ئىلىدىكى «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى ...... تۇرغۇن ئىبراھىم (20-بەت)
ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئۈزۈك تاقاش ئادىتى ...... گۈلزىبا روزاخۇن (58-بەت)
شىۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا ئائىت فوتو سۈرەتلەر ...... ساھىبە ياقۇپجان (9-بەت)
كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... تەييارلىغۇچى: م. مۇھەممەد (71-بەت)
ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىيات ھەققىدە ...... غالىپ غوجىئابدۇللا (16-بەت)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شىۋىسى ...... ئۆمەر تالىپ (50-بەت)
ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۈچەمەس نامايەندە — كېمىر ئۆي ...... خالىدە نەمتۇل (66-بەت)
ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتچىلىق ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (28-بەت)
بىز تەقەززا بولۇۋاتقان تارىخ — نەسەبنامە ...... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (24-بەت)
مانىرھېمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ...... ئېرشادى تەرجىمىسى (35-بەت)


## 2011-يىل 1-سان


ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى ...... يالقۇن ياقۇپ (39-بەت)
قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان ئالتە پارچە خېتى ...... گۇستاف. راكويېت (شىۋېتسىيە) (8-بەت )
ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنى ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (27-بەت)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭ ساقلىقنى ساقلاش رولى ...... قۇربانجان ئوبۇل (58-بەت)
خوتەندىكى ئېكسپېدىتسىيە ...... زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى (47-بەت)
مانىرھېمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ...... مانىرھېم (فىنلاندىيە) (50-بەت)
قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنىڭ كاتولوگى ...... ئابدۇراخمان باقى (71-بەت)
كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (68-بەت)


## 2011-يىل 2-سان


كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (46-بەت)

ئۇيغۇرلاردا تۆر …………… ئابدۇقەييۇم مجىت (3- بەت)
قول يۇيۇش ئادىتىمىز …………… گۈزەلئاي ئابدۇكېرىم (71- بەت)
قىزىلتۆي …………… مەتىمىن ئابدۇخالىق (14- بەت)
قىزىم ئامېرىكا يەسلىسىدە …………… ئابدۇۋەلى ئايۇپ (21- بەت)
ئىندىۋىدۇئالىزم ۋە يالغۇزلۇق …………… زۇلھايات ئۆتكۈر (74- بەت)
قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنىڭ كاتولوگى …………… ئابدۇراخمان باقى (30- بەت)
ئېقىن بويلاپ بۇلاق ئىزدەش …………… مۇھەممەد ئىمىن قۇربان (42- بەت)
كۆچۈرمىكەشلىك نومۇس …………… مۇھەممەد ئىمىن (48- بەت)
بوسۇغا ۋە بوسۇغىغا ئائىت پەرھىز - ئادەتلەر …………… روزىخان ئىسلام (51- بەت)
غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ساپاسىغا نەزەر …………… رەناگۈل ئابدۇللا (65- بەت)

## 2011- يىل 3- سان

«مەدداھلار» ۋە داستانچىلىرىمىز …………… رابىيگۈل يۈسۈپ (4- بەت)
ئۇيغۇرلاردا بوياقچىلىق …………… ماموت قۇربان (22- بەت)
ئۇيغۇر قىز- ئاياللىرىنىڭ چاچ گۈزەللىك قارىشى ۋە چاچ پەرھىزلىرى …………… شەرىپە ئابدۇغوپۇر (31- بەت)
كوچا ئۆرۈكى …………… قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (12- بەت)
بادام ۋە بادام دوپپا …………… ئەركىن داۋۇت (35- بەت)
مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ گۈلتاجىسى — دوپپا …………… مۇھەممەد ئىمىن سابىر (51- بەت)
ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىنىڭ سىمۋوللۇق قاتلاملىرى …………… خالىدە دۆلەت (74- بەت)
تىروپا قەدىمىي خارابىلىكى …………… مېھراي نۇرمۇھەممەد (40- بەت)
تاجىكلارنىڭ توي ئادىتىدىكى پەرھىزلەر …………… مۇقەددەس قاسىم (44- بەت)
ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمدارلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى …………… ئىمىن تاجى تۇرگۇن (65- بەت)

## 2011- يىل 4- سان

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى …………… ئابدۇقەييۇم مجىت (1- بەت)
گوستاف رەكىت يازمىلىرىدىكى 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر بايانلار ……………
…………… گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە ) (16- بەت)
خەلق ئەدەبىياتىدا ئەلشىر نەۋايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەتلەر …………… فىكرەت تۈركمەن (تۈركىيە) (31- بەت)
سېھىرلىك نىيە …………… مەتسەيدى مەتقاسىم (66- بەت)
ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ۋە ياش ئاپتورلار …………… مەتسلىم مەتقاسىم (39- بەت)
مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك …………… ئەنۋەر مۆمىن (64- بەت)
ئۇيغۇرلاردا تويلۇق …………… مۇتەللىپ ئىقبال (46- بەت)
تۇرپان رايونىدىكى بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتى …………… زۇمرەت ئالىم (76- بەت)
ئەجداد ئۇدۇمىدا ئىلغارلىق …………… ئۆمەرجان سىدىق (71- بەت)

## 2011- يىل 5- سان

ئەلشىر نەۋايىنىڭ «فەرھاد- شېرىن» داستانى …………… ئې. ئې بېرتېلس (سوۋېت ئىتتىپاقى) (10- بەت)
مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى بولاي دېسەڭىز …………… روشەنگۈل ياسىن (78- بەت)
نان يېقىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان قورال- سايمانلار …………… شاۋكەت ئېلاخۇن (25- بەت)
تاققا- تۇققا ئادەتلەر …………… ئەنۋەر مەتسەيدى (55- بەت)
شۋېتسىيەنىڭ لوندوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى …………… گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) (36- بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى خۇراپىلىق ۋە ئەقىدىچىلىك …………… داۋىد گۇستافسون (75- بەت)
ئۇيغۇرلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى …………… ماموت قۇربان (48- بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى گىجىم ياغلىق توقۇش تېخنىكىسى …………… نىياز ساتتار، قۇربان سابىر (72- بەت)

## 2011- يىل 6- سان

دۇنيادا يېڭى يىلنى خاتىرىلەشتىكى خىلمۇخىل ئادەتلەر …………… مەھمۇد زەيدى (1- بەت)
چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسەسى …………… توپلىغۇچى: پانتاسوف (رۇسىيە) (8- بەت)

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھلار توغرىسىدا ...... مېھرىبان نىياز (14-بەت)
رەشىدە رەھمەتى ئارات ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ...... يۈسۈپجان ياسىن (36-بەت)
ئاخباراتچىلىق ۋە مەدەنىيەت ...... زەينۇرە مەخسۇم (64-بەت)
ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «گۈل چاي» ئويۇنى ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (21-بەت)
توپۇق ئويۇنى ...... مەۋلان غوجى (61-بەت)
چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسەسى ...... توپلىغۇچى: پانتاسوف (رۇسىيە) (8-بەت)

## 2012-يىل 1-سان

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆلەڭ ئېيتىش ئادىتى ...... رەنا يۈسۈپ (3-بەت)
چۆرۈق ۋە چۆرۈق ياساش تېخنىكىسى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (11-بەت)
ئۇيغۇر ئاۋام تېبابىتىدە ئۈگۈت — پەرھىزلەر ...... مۇھەممەد ئىمىن سابىر (43-بەت)
دولان مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ...... ھۆسەنجان نامان (25-بەت)
تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ...... دىلئارام ماخمۇت (70-بەت )
ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى ...... سەۋلە ئايتقالى (73-بەت)
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەدىمىي ماكان — يەكەن ...... مەمتىمىن سەمەت (36-بەت)
سەلەي چاققان پورېتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى ...... ئۆچقۇنجان ئۆمەر (75-بەت)

## 2012-يىل 2-سان

ئاق رەڭنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىدا سىمۋوللۇق مەنىسى ...... نۇرنىسا ئەيسا (3-بەت)
ئىپپەتسىز ماقال-تەمسىللەر توغرىسىدا ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (9-بەت)
زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى ...... ماھنۇر يۇنۇس (12-بەت)
ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ...... رەيھانئاي ماموت (16-بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (21-بەت)
سامساق بەكسىنىڭ سېھرىي كۈچى ...... ئەركىن تۆمۈر (36-بەت)
سودا ئېڭىمىزغا بىر نەزەر ...... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (57-بەت)
تەھرىرلىك ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ...... ئادىلە ئېلدان (62-بەت)
خەلقىمىزنىڭ مېۋە-چېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىمىزدىن ساغلاملىققا بىر نەزەر ...... قۇربانجان ئوبۇل (66-بەت)
ئۇيغۇرلاردا تۈگمەنچىلىك ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (74-بەت)

## 2012-يىل 3-سان

ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىز ...... ماموت قۇربان (7-بەت)
خەلقئارا ئېپوس تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيەۋى ئېقىملار ھەققىدە ...... تۇرسۇنئاي تۇراق (20-بەت)
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئەكس ئەتكەن فېئوداللىق دەرىجە قاتلام تۈزۈمى ...... ئايجامال مەيدىن (55-بەت)
ئۇيغۇر كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى ...... پاتىگۈل ئابلا (71-بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاددىي مۇلۇكى ...... ئابدۇكېرىم تۇردى (31-بەت)
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ...... رىزۋانگۈل رەخمىتۇللا (60-بەت)
كىلىياڭ مەشرىپىدىكى ئويۇنلار ...... تەييارلىغۇچى: توقسۇن ھۈسىين ئەلقۇت (32-بەت)
تەھرىرلىك ئىلمىي ۋە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ...... تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم (39-بەت)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۇزۇمگە دائىر بايانلاردىن يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر ...... ئىسرائىل مۇتەللا (44-بەت)
ۋەللەي ئويۇنى ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (52-بەت)
ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسى — سۆز ئويۇنلىرى ...... دىلبەر نۇرغوجا (58-بەت)
ئەنئەنىۋى تەربىيە ئۆرنەكلىرى ...... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (64-بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋاق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا ...... ھاشىگۈل ئىبراھىم (76-بەت)

## 2012-يىل 4-سان

ئەپسانە قاتلاملىرىغا نەزەر ...... كېۋىر ھىمىت (1-ب ت)
ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى ...... ئابدۇقادىر سادىر (18-بەت)
قاغا ئوبرازى ھەققىدە ...... ئادىلە ئىدرىس (63-بەت)

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى قاپاق مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدا ...... ئاينۇرە دولات (22-بەت)
ئۇيغۇرلاردا مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش — تامغا بېسىش ئادىتى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (36-بەت)
تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىش ئادىتى ...... ۋارىسجان ئاتاخان (56-بەت)
كىلىياڭ مەشرىپىدىكى ئويۇنلار ...... رەتلىگۈچى: توقسۇن ھۇسيىن ئەلقۇت (58-بەت)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ...... دىلبەر نۇرغوجا (66-بەت)
ئۇيغۇرلاردا ۋادەك مەدەنىيىتى ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (73-بەت)
كىگىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى ...... مۇھەممەد ئىمىن سابىر (26-بەت)
كۇتۇپخانا ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ...... ئايگۈل ئايۇپ (69-بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ...... قەدىرگۈل مەمەت (33-بەت)

## 2012-يىل 5-سان

ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدىكى «جىن» چۈشەنچىسى ...... ياسىن مۇھەممەدنىياز تىكە (1-بەت)
قارلۇق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە» ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (13-بەت)
كىلىياڭ مەشرىپىدىكى ئويۇنلار ...... رەتلىگۈچى: توقسۇن ھۇسيىن ئەلقۇت (57-بەت)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ پەرداز ئادەتلىرى ...... ئامىنە زەيدىن (62-بەت)
تەرجىمە تەھرىرلىكىدىكى كومپيۇتېرنىڭ قوللىنىشچانلىقى ...... ئىبادەت ئىسمائىل (24-بەت)
ئائىلىۋى تۈگمەن — يارغۇنچاق ...... قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (27-بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى ئوچاق ۋە تونۇر ...... ئابدۇكېرىم تۇردى (42-بەت)
سۇلتان باتۇرخان مازىرى ...... مەردان مەتقاسىم (31-بەت)
ئۈزۈم ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېچىتىش ئادەتلىرى توغرىسىدا ...... ماموت قۇربان (35-بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى قۇربانلىق مال تاللاش پەرھىزلىرى ...... سالىجان ئابدۇرۇسۇل (52-بەت)
كىروراننىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ۋە يىڭىسۇدىكى توغراقلار ...... غالىب بارات ئەرك (53-بەت)
شۋېتسارىيەنىڭ «قوشىنلار بايرىمى»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسىگە نەزەر ...... مەتتوختى جۈرئەت (65-بەت)
لىڭگىر تاقتاق ...... (33-بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى سايپاق ئويۇنى ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (60-بەت)

## 2012-يىل 6-سان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى ۋە قورال سايمانلىرى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (1-بەت)
ئەمگەك ناخشىسى چاگان ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (20-بەت)
ئۇيغۇرلاردا خامان ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (29-بەت)
ئۇيغۇرلاردىكى قوش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ...... جۈرئەت سېتىۋالدى (41-بەت)
مەۋلانە يۇسۇف سەككاكى مازىرى ...... ن. ن پانتاسوۋ (14-بەت)
جاھان ئېتنوگرافىيەسىگە ساياھەت ...... مەھمۇد زەيدى (23-بەت)
كەنجى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئىزنالىرى ...... گۈلزىبا روزاخۇن (34-بەت)
مەتبۇئاتلاردىكى گۈزەل سەنئەت لايىھەسى ھەققىدە ...... ئەزىزەم تۇيغۇن (38-بەت)
ماناسچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ...... ئادىل جۇمە تۇردى (51-بەت)
ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى تالقان ...... ئابدۇكېرىم تۇردى، مەلىكىزات ئابدۇكېرىم (48-بەت)

# تائاملىرىمىز

## 2010-يىل 3-سان

تائاملار سۇلتانى پولۇ ...... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (12-بەت)

## 2010-يىل 4-سان

ئۇيغۇرلاردا بال ۋە شېكەر ...... ماموت قۇربان (54-بەت)

## 2010-يىل 5-سان

ناننىڭ تۈرلىرى ...... مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (64-بەت)

## 2010-يىل 6-سان

ئەنئەنىۋى ئېسىل تائام چۆچۈرە ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ...... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (61-بەت)

**2011 ـ يىل 1 ـ سان**

ئۇيغۇرلارنىڭ دورىلىق چاي مەدەنىيىتى ........................ مەنسۇرجان تۇرسۇن (4 ـ بەت)

كېسەل ئېشى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى ........................ نۇرنساخان مەتسىدىق (25 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 2 ـ سان**

كەلپىن چىپىت نېنى ........................ تۇرسۇن قۇربان (37 ـ بەت)

ناننىڭ تۈرلىرى ........................ مۇھەممەد تۇرسۇن ھەسەن (60 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 3 ـ سان**

ئەتراپىمىزدىكى شىپالىقلار ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى (9 ـ بەت)

ناننىڭ تۈرلىرى ........................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (62 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 5 ـ سان**

ئەنئەنىۋى تائامىمىز «زىت» توغرىسىدا ........................ ئىسھاق مۇھەممەد (22 ـ بەت)

## ئۇچۇرلار

**2010 ـ يىل 1 ـ سان**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ............ تۈزگۈچى: نۇرنسا باقى (67 ـ بەت)

**2010 ـ يىل 2 ـ سان**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ............ تۈزگۈچى: نۇرنسا باقى (71 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 1 ـ سان**

دۇنيا مىراسى ــ مەشرەپ ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز (1 ـ بەت)

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2010 ـ يىللىق سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ................ ۋاھىتجان غوپۇر (3 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 1 ـ سان**

«تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ......... مۇختار مۇھەممەد (1 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 3 ـ سان**

تەبرىك خەت ........................ ئىسمائىل تىلىۋالدى (1 ـ بەت)

ئۇنتۇلماس چاغلار ........................ مۇختار مۇھەممەد (3 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 6 ـ سان**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى ...... (68 ـ بەت)

18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى ................ (69 ـ بەت)

## داستانلار

**2010 ـ يىل 1 ـ سان**

دەفتەرى چىڭگىزنامە ........................ تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (24 ـ بەت)

**2010 ـ يىل 3 ـ سان**

ھاتەم پاشا ۋە گۈلقەمەر ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشات توغرۇل (1 ـ بەت)

**2011 ـ يىل 5 ـ سان**

دەفتەرى چىڭگىزنامە ........................ تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (60 ـ بەت )

**2012 ـ يىل 3 ـ سان**

دەفتەرى چىڭگىزنامە ........................ تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت  قۇدرەت (23 ـ بەت)

**2012 ـ يىل 4 ـ سان**

ھۆرلىقا ـ ھەمرا ........................ (10 ـ بەت)

**2012 ـ يىل 5 ـ سان**

ھۆرلىقا ـ ھەمرا ........................ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (48 ـ بەت)

## مەشھۇر شەخسلەر

**2010 ـ يىل 1 ـ سان**

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر ........................ مۇھەممەدجان توختى (8 ـ بەت)

مەشھۇر خەلق داستانچىسى شاھمۇھەممەد ۋاپات بولدى ........................ ئابلىكىم ئوبۇل (58-بەت)

**2010-يىل 3-سان**

مۇقام ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەك ........................ ياقۇپ ئىسمائىل قۇرۇلچى (36-بەت)

**2010-يىل 6-سان**

پىشقەدەم ماتارىپچى، خەلق قىزىقچىسى ھېيتەم مەنسۇر ........................ ئەكرەم ئابدۇمجىت (6-بەت)

**2011-يىل 2-سان**

مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى — ھاجى ئەلنەغمە ........................ ئابلىمىت ئىمىن (9-بەت)

ئۆمۈر چولپانلىرى ........................ ئابدۇلئەھەد ئابدۇراخمان (38-بەت)

**2011-يىل 5-سان**

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەشھۇر شائىر ئەلشىر نەۋايى ........................ ۋاھىتجان غوپۇر (1-بەت)

## چۆچەكلەر

**2010-يىل 4-سان**

ئادىل ۋەزىرنىڭ ئەقىللىق قىزى ........................ (70-بەت)

**2010-يىل 5-سان**

ملىڭ تىللاغا ئەرزان بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەدجان ئابدۇرېھىم (48-بەت)

**2011-يىل 1-سان**

شىپالىق ئالما ........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن ئۆمەر (35-بەت)

**2011-يىل 2-سان**

ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر ........................ توپلىغۇچى: نەجمىدىن سىدىق (26-بەت)

**2011-يىل 3-سان**

غايىب كۆڭلەك ........................ توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم (14-بەت)

**2011-يىل 4-سان**

چىن دوست ........................ توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم (58-بەت)

**2011-يىل 5-سان**

مەككارنىڭ ئاقىۋىتى ........................ توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (41-بەت)

**2011-يىل 6-سان**

شاھزادە ۋە مەلىكە ........................ توپلىغۇچى: پازىل قادىر (53-بەت)

**2012-يىل 1-سان**

تۈز ........................ توپلىغۇچى: پازىل قادىر (1-بەت)

**2012-يىل 2-سان**

تەۋەككۇل بىلەن ئوغرى پادىشاھ ........................ (39-بەت)

**2012-يىل 2-سان**

گۇمان ........................ (35-بەت)

**2012-يىل 3-سان**

تەيى پاشا بىلەن رورا خېنىم ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (1-بەت)

**2012-يىل 4-سان**

بۆزى كۆرپەش ........................ توپلىغۇچى: رادلوف (51-بەت)

**2012-يىل 5-سان**

چىن تۆمۈر باتۇر ........................ (7-بەت)

ياغاچچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ........................ (45-بەت)

ھاجى پەلۋان ........................ (69-بەت)

**2012-يىل 6-سان**

ئەقىللىق خوتۇن …… (61-بەت)

## مەسىللەر

**2010-يىل 1-سان**

مەسىللەر …… توپلىغۇچى: مەنسۇرجان تۇرسۇن (26-بەت)

**2011-يىل 4-سان**

ئىككى مەسەل …… مۇھەممەد ئىمىن (27-بەت)

**2011-يىل 5-سان**

ئىككى مەسەل …… مۇھەممەد ئىمىن (58-بەت)

**2011-يىل 6-سان**

ئىككى مەسەل …… مۇھەممەد ئىمىن (26-بەت)

**2012-يىل 1-سان**

مەسىللەر …… مۇھەممەد ئىمىن (32-بەت)

**2012-يىل 2-سان**

مەسىللەر …… مۇھەممەد ئىمىن (48-بەت)

**2012-يىل 3-سان**

مەسىللەر …… مۇھەممەد ئىمىن (15-بەت)

**2012-يىل 4-سان**

مەسىللەر …… مۇھەممەد ئىمىن (26-بەت)

**2012-يىل 5-سان**

مەسىللەر …… مۇھەممەد ئىمىن (16-بەت)

## قوشاقلار

**2010-يىل 1-سان**

ۋاپا قىلسالڭ دۆلەت كۆرىسەن …… (40-بەت)

**2010-يىل 2-سان**

يارىم خۇما كۆز …… تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ (47-بەت)

**2011-يىل 1-سان**

پانتاسوف خاتىرىلىگەن ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ پوتا ئويۇنىدا ئېيتىلىدىغان بېيىتلىرى …… توپلىغۇچى: نىجات سوپى (19-بەت)

شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سېگفىرىد مولېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما …… مامۇتجان ئىمىن (31-بەت)

**2011-يىل 4-سان**

بېيىتلار …… خاتىرىلىگۈچى: رادلوۇف (رۇسىيە) (52-بەت)

**2011-يىل 6-سان**

ئەللەي ناخشىسى …… توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (19-بەت)

**2012-يىل 1-سان**

گۈلمۇگۈللەردىن گۈزەل …… توپلىغۇچى: مەتيۈسۈپ بارى (22-بەت)

**2011-يىل 5-سان**

قاراقاش …… (28-بەت)

**2012-يىل 6-سان**

چۆچەك جىرلىرى …… مەمتىمىن ئابدۇخالىق (65-بەت)

**2011-يىل 1-سان**

## تەرجىمە ئەسەرلەر

**2010-يىل 1-سان**

رەھبەرلەر قانچە تېز ئالمىشىپ تۇرسا، شۇنچە ياخشى بولىدىكەن …… مۇھەممەد ئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (12-بەت)

## مۇندەرىجە


ئېتقاد ۋە شەخسىي مەنپەئەت .................... زۇلپىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى (31ـ بەت)

**2010ـ يىل 3ـ سان**

دېھقانچىلىق ئەقلى يوق ھاكىم .................... ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى (76ـ بەت)

**2010ـ يىل 5ـ سان**

چىياۋ ئامبالنىڭ ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىشى .................... ئىرشادىي (ت) (58ـ بەت)

قاغا بىلەن تۈلكە .................... (60ـ بەت)

چاشقاننىڭ يۈرىكى .................... (62ـ بەت)

تاختىمۇشۇك .................... (63ـ بەت)

يېڭىلمەس مايمۇن .................... (5ـ بەت)

**2011ـ يىل 2ـ سان**

بېيجىڭ ئادىمى .................... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (12ـ بەت)

شىنجاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى كۇتۇپخانىسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى .................... ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (57ـ بەت)

**2011ـ يىل 4ـ سان**

كوسكو قەدىمكى شەھىرى .................... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (41ـ بەت)

**2011ـ يىل 5ـ سان**

قەدىمكى خىتىم مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش .................... ئايجامال مۇھەممەد تەرجىمىسى (69ـ بەت)

**2011ـ يىل 6ـ سان**

دۆلەت ئىلمى ھەققىدە .................... جى شيەنلىن (31ـ بەت)

**2012ـ يىل 1ـ سان**

ئېرمىتاژ مۇزېيىدىكى مىڭئۆي كۆرگەزمىسى .................... ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (8ـ بەت)

**2012ـ يىل 2ـ سان**

تارىختىكى مۇقەددەس جاي ماچۇپىكچۇ .................... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (43ـ بەت)

**2012ـ يىل 4ـ سان**

تاج ماھال مەقبەرىسى .................... ئايجامال مۇھەممەد تەرجىمىسى (75ـ بەت)

**2012ـ يىل 6ـ سان**

مالتا قورام تاش مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى سىرلىق ئىبادەتخانا .................... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (72ـ بەت)


## رىۋايەتلەر


**2010ـ يىل 5ـ سان**

ياڭاق ھەققىدە رىۋايەت .................... توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (19ـ بەت)

«تۆگتاش راۋابى» رىۋايىتى .................... توپلىغۇچى: ئەيسا ئىمىن (57ـ بەت)

**2011ـ يىل 3ـ سان**

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ھەققىدە ئەپسانە .................... ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۈلھايات تۇرسۇن ئۇدىش (48ـ بەت)

**2012ـ يىل 1ـ سان**

تۇيۇق .................... (50ـ بەت)

**2012ـ يىل 2ـ سان**

قىرىق تال چاچ قويۇش رىۋايىتى .................... (1ـ بەت)

**2012ـ يىل 3ـ سان**

بوغدا تېغىنىڭ پەيدا بولۇشى .................... (41ـ بەت)

**2012ـ يىل 6ـ سان**

ئۇلانباي ھەققىدە رىۋايەت .................... (76ـ بەت)


تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

## ئەسقەر تۇردى ئەسەرلىرىدىن تاللانما















# 美 拉 斯

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
[illegible]

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040